


4
1989

# شنجاڭ مەدەنيىتى

# XINJIANG CIVILIZATION

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: شائىر ئەنۋەر ناسىرى (1914 — 1946)
سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار ئەۋەتكەن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى   قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
38 - يىل نەشرى   1989- يىل 4- سان (ئومۇمىي 179- سان)

# بۇ سانىدا

## مۇھاكىمە

روھنى ساغلاملاشتۇرۇش-مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى......ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 24

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ھاجىم توغرىسىدىكى ئىنگۋالار ................ (ھېكايە) .......................... زوردۇن سابىر 2
ۋەھىمىلىك قاينام .................... (« «) ..................... مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا 50
سۆيۈلمىگەن يىللار ................... (شېئىر) ....................  ئىمىن ئەھمىدى 21

## تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېركلىرى...... ..نىزامىددىن ھۈسەيىن 70

## دۇنياغا نەزەر

كۆز ئالدىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ................................ رەھىم قاسىم 40

## مەدەنىيەت ئىشلىرى

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى ............................ ئازادگۈل ئابدۇرېشىت 74
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1988- يىللىق مەدەنىيەت- سەنئەت خىزمەتلىرىدىن ئۇچۇرلار.....زۇنۇن باقى 74

## ئەخلاق- ئادەم زىننىتى

دانىشمەنلەر ئەدەب- ئەخلاق توغرىسىدا ................................ 75


مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق شائىر، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ (1989—1930) ئىمىنجان سىزغان
رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىدىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن،
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان ماموت، ساتتار توختى



# ھاجىم توغرىسىدىكى سوئاللار



(ھېكايە)

زوردۇن سابىر

... ماقۇل بالام، مەن پىكىرىڭىزنى قوبۇل قىلاي: ناسىر ھاجىمنىڭ ئۈستىدىن يازغان ئەرزىمنى قايتۇرۇۋالاي. لېكىن مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغان ئاھانەتنى ھاجىمدىن ئاڭلىدىم، ھېچكىمدىن كۆرمىگەن خورلۇقنى ھاجىمدىن كۆردۈم. مەنمۇ قانۇننى بىلىمەن، ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىمەن. ھازىر دىندار بولغىنىم بىلەن نۇرغۇن ئۆمرۈم مۇئەللىمچىلىك بىلەن ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇننى بىلىمەن: بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشقا، بىر ئادەمگە ھاقارەت قىلىشقا قانۇن يول قويمايدۇ. ھاجىم مېنى نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا: «پەخرىدىن سەرراپ» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭدىن پاش قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئادەم كېلىپ: «قانۇنسىز ئالتۇن سودىسى» قىلىۋېتىپسەن دەپ مېنى جاۋابقا تارتتى. مەن ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىدىم. ئۇلارنى: «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان مۇتتەھەملەر!» دەپ تىللىدىم. ئۇلار: «ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق دىنىي زات ناسىر ھاجىممۇ يالغانچىمۇ؟» دەپ ھاجىمنىڭ پاش قىلىش ماتېرىيالىنى ئالدىمغا تاشلىدى. ئوقۇپ باقسام قىپقىزىل تۆھمەت! غەزىپىم ئىچىمگە سىغماي شۇ كۈنى نەزىرىدىلا ھاجىم بىلەن تۇتىشىپ قالدىم-دە، كالچىمنى ھاجىمنىڭ

بېشىغا ئاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، كالاچ ھاجىنىڭ سەللىسىگە تەگكىنى، بولمىسا جامائەت مېنى چالما كېسەك قىلىۋېتىدىكەن. مېنى جامائەت ئۇ كۈنى دۈشكەلەپ غولۇمدىن ئىتتىرىپ، نەزىردىن قوغلاپ چىقارغاننى ئاز دەپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر كېچىدىكى ھاجىنىڭ كۆشكۈرتىشى بىلەن مېنى ئۈچ كۈن سولاپ قويدى... بۇ ئىشلار ھار كەلمەمدۇ؟ مېنىڭمۇ باللىرىم، نەۋرىلىرىم، يۇرت-جامائىتىم بار-دە! ھاجىم يۈز خاتىرە قىلمىغاندىكىن مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن-دە. ھاجىنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز بەردىم. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. قانۇن مۆتىۋەرگىمۇ، لوكچەككىمۇ ئوخشاش ئىشلىنىشى كېرەكتە. ئەرزىمنى ئاڭلاپ ھاجىم كۈندە دېگۈدەك ئەلچى قويۇپ بوسۇغامنى تېشىۋەتتى، بولغۇن سەن كەپسەن، نېمىمۇ دەيمەن، ماقۇل، ئەرز يازمىغان بولاي. ماقۇل، ھاجىم بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكىنىمۇ تالاشماي. لېكىن، سەن ئاڭلاپ قوي، ھاجىم ھەققىدىكى ئىغۋالارنى بىر تەكرارلىۋالاي: ھاجىم مېنى ئىغۋا تارقاتتى دەيدۇ. مەن ئىغۋاچىمۇ ياكى ھاجىم ئۆزى «ئىغۋا» ئۇچلۇن ئۇرۇق چاچتىمۇ؟ بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ خۇلاسىلىۋال،

مەن ھاجىم بىلەن بىللە ھەج قىلىش جەريانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنىلا ساڭا دەپ بېرەي:

ھەج قىلىش — ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. مەن باللىرىمنىڭ زورى بىلەن ھەج قىلدىم، بالام. ئۈچىنچى ئوغلۇم ئەفرىدىن بۇندىن ئون يىل بۇرۇن ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كېتىۋىدى، گۇاڭجۇ دېگەن شەھەرگە بېرىۋېلىپ بەش يىلدىن كېيىن كاتتا سودىگەر بولۇپ قايتتى. يەتتە ئوغلۇمنىڭ يەتتە خىل ھۈنىرى بار، بالام. ئەمما، يامىنى ئەشۇ ئەفرىدىن. ئۇ، شەيتانغا ئوختا سالالايدۇ، ئالدار كوسىنى ئالدىيالايدۇ. تۇۋا، مېنىڭ پۇشتۇمدىن ئەفرىدىندەك ئالدامچىنىڭ چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچ شەھەردە دۇكىنى بار، نەچچە يۈز مىڭ سوملۇق دەسمايىسى بار. ھازىر ئۇ چوڭ باي. لېكىن ئۇنىڭ بايلىقى ساختىلىق - يالغانچىلىق بىلەن قولغا كەلگەن. مەن ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ھەج قىلىشنى راۋا كۆرمەۋېدىم، قالغان ئالتە ئوغلۇم بىلەن ئىككى قىزىم ھالال ئەمگەكتىن تاپقان پۇللىرى بىلەن مېنى يولغا سالماقچى بولدى. 2000 ئامېرىكا دوللىرى بولمىسا ساڭا پاسپورت بەرمەيدىكەن. مېنىڭ باللىرىم نەدىن جۆندىدىكىن 8000 ئامېرىكا دوللىرى جايلاپتۇ. ئەفرىدىن مەن بىلەن بىللە بارماقچى بولۇۋېدى، مەن، سودىگەرچىلىك قىلىپ ھەج ساۋابىنى گۇناھقا ئايلاندۇرمىسۇن دەپ ئۇنىمىدىم. ئاخىر، باللىرىم ناسىر ھاجى بىلەن ئىككىمىزنى يولغا سالدى. ناسىر ھاجىم كىم بولىدۇ، دەمسىنا؟ بىلمەمسەن، ھېلىقى مازانىڭ جارۇپى شۇ. ئۇ ھازىر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسىمۇ بولدى، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەرگە ۋەكىل بولۇپمۇ نەچچە قېتىملاپ باردى. بولىدۇ، ناسىر ھاجى كونكرېت ئادەم. مەن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇ ئادەم ھازىر يۇرت چوڭى، ھۆكۈمەتنىڭ تىزىمىدا بار ئىناۋەتلىك ئادەم. ئۇ ئادەم ئالدىنقى يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ھەج ئۆمىكى بىلەن بىر قېتىم ھەج قىلىپ كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى. ئالدىنقى قېتىم ھەج قىلىپ يانغىنىدا پۈتۈن رايوندىكى يۇرت

www.uyghurkitap.com

چوڭلىرى تۆت ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھاجىمنى كۈتۈۋالغانىدۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۈنجى ھاجىمىز بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيدۇق. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر يۇتۇم زەمزەم سۈيى ئىچكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆز قولىدا بىردىن تەسۋى تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك ـ ئامەتلىك ھېسابلىدۇق. ھاجىم ئات ياكى ئېشەك بىلەن كوچىلاردىن ئۆتسە، ھەممىمىز بېشىمىزنى يەرگە تەگكىچە ئېگىلىپ سالام بەردۇق. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى ساۋاب بىلىپ، يىراق كۆرمەستىن ناسىر ھاجىم ئۆز ۋاقتىدا جارۇپلۇق قىلغان، ھازىر ئىماملىق قىلىۋاتقان جۈمە مەسچىتىگە بېرىپ بەش ۋاخ نامىزىمىزنى ئوقۇدۇق. نەزىر ـ چىراغ، ئۆلۈم ـ يېتىم مەرىكىلىرىدە ئۇنىڭغا ئون سوم شۇڭغۇتىش ئورنىغا 100 سوم شۇڭغۇتتۇق. ئۇنىڭ دۇئاسى، ئۇنىڭ دەمىدىسى 40 يىللىق كونا كېسەلگە، 30 يىللىق تۇغماس خوتۇنغىمۇ داۋا ـ شىپا بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭغا ئىشەندۇق. ئۇ بىزنىڭ بۇ يېزىلىرىمىزدا تىل تەگكۈزگىلى، گۇمان قىلغىلى بولمايدىغان بىر «پەيغەمبەر»گە ئايلىنىپ قالدى. مانا شۇنداق ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى، كىرىم ـ تاپاۋىتى راسا كۆپىيىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناسىر ھاجىم چاندۇرۇپ قويدى. نېمە قىلدى دەمسىز؟ بىر تۇل ئەما ئايال ئۆز قىزىنى ھاجىمغا دۇئا قىلدۇرغانىكەن، ھاجىم يۇرت ـ جامائەتتىن ئەيمەنمەستىن ئۆزىنىڭ 70 تىن ئاشقان، يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى بار ھاجىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئون يەتتە ياشلىق مەسۇم قىزنى مومىيى ئۈستىگە نىكاھ قىلدۇرۇپ توقاللىققا ئاپتۇ. ھاجىمنى يۇرت، جامائەت قانۇنىي جازادىن ساقلاپ قالدۇق. لېكىن ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىيالمىدۇق.

مانا مۇشۇ ناسىر ھاجىم ماڭا ھەمراھ بولدى. ھاجىم ماڭا:

— ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىپ پاكلىنىپ كېلىمەن. خۇدا بەندىسىنى كەچۈرىدۇ. مەن ئەرەفاتتا ھەممە گۇناھىم ئۈچۈن خۇدايىمدىن ئەپۇ تىلەيمەن! — دېدى.

بىز ناسىر ھاجىم ئىككىمىز بۇ يىل 6 ـ ئايدا يۇرت ـ جامائەتكە كاتتا نەزىر بېرىپ، يۇرتنىڭ دۇئا ۋە سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىپ يېزىدىن شەھەرگە كىردۇق. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتى بىزنى يىغىپ بىر ھەج ئۆمىكى تەشكىللىدى. بىز تۇغقان يوقلاش ۋىزىسى بىلەن ماڭىدىغانلار 34 كىشى ئىكەنمىز. كۆپچىلىك مېنى ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويدى. مەن ناسىر ھاجىمنى كۆرسىتىۋىدىم، مەندىن باشقا ئىككىلا ئادەم مېنى قوللاپ ئاۋاز بېرىپتۇ. ئۆمرىدە تۆت ئادەمگە باشلىق بولۇپ باقمىغان ماڭا ئوخشاش بىر سەھرالىق ئوتتۇز نەچچە كىشىلىك ھەج ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ سايلانسا، تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن. ھەممىدىنمۇ ماڭا بۇ ئىش كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ساقال قويغىنىم ياخشى بولغانىكەن. مەن نەۋرە كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن يېزا ئادىتىگە ئەمەل قىلىپ ساقال قويغانىمەن. ساقال بىلەن ھۆرمەت تېپىش خىيالىمغا كىرمەۋىدى، بۇ قېتىم ساقالنىڭ ھۆرمىتى بىلەن «باشلىق» بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلىدىم.

— ياق، ساقالنىڭ ھۆرمىتىنى قىلسا مېنى سايلىسا بولاتتى، — دېدى شەھەردىن قەشقەرگە يولغا چىققان كۈنىمىز ناسىر

هاجى چىرايلىق، تۆت چاسا ساقاللىنى سىپاپ قويۇپ، دېيىش هالدا: — سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس، كۆپچىلىك سىزنىڭ مۇئەللىم بولغانلىقىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشتى. ھەممىنى بىلدىم، ئەپسۇسلاندىم. ھەج قىلغۇچى ئوتتۇز نەچچە كىشىنىڭ يىگىرمە نەچچىسى سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئىكەن. ئۇلار ھەج قىلغىلى ئەمەس، سودا قىلىپ پۇل تاپقىلى كېتىپ بارغان سودىگەرلەر. سىز ساپلا سودىگەرلەرنى تەربىيەلەپسىز. يۇرت بالىلىرىنىڭ توقسىنى سودىگەر. سودىگەر دېگەندە ئىمان سۇيۇق بولىدۇ. بۇنداق ئىمانى سۇيۇق ھەج ئۆمىكى بىلەن بىللە سەپەر قىلىشمۇ بىر گۇناھ، ئەپسۇسلاندىم. سىز بۇلارغا باشلىق بولدۇم دەپ خۇشال بولۇۋاتىسىز. بىلمەمسىز، سىز گۇناھكارلارغا باش بولدىڭىز، ھى...ھى...ھى...

— ھاجىم، ھەج سەپىرىدە كىشىگە ئازار بېرىش، قوپال گەپ قىلىش ھەتتا ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن گۈل-گىياھلارنى ئۈزۈش، ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرۈشمۇ گۇناھ بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

بىز ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمىز. ئارقىمىزدا ئوتتۇز نەچچە ھەج قىلغۇچى ئولتۇرۇپتۇ. بىز چۈشكەن 40 نەچچە ئورۇندۇقلۇق، چەتئەلدە ياسالغان ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇسنىڭ بوش قالغان ئورۇندۇق ۋە ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ چامادان، چېگىدالغان مىشكاپ، خالتىلىرى بىلەن تولغان، ھاجىمنىڭ كۆزىدە تۇتقىنى مانا شۇ ماللار ئىدى. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى -دە، كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئازار بېرىش، قوپال گەپ قىلىش گۇناھ، لېكىن پەرز ئادا قىلغىلى ئەمەس، باي بولۇپ كېلەيچۇ دەپ ھەج قىلغىلى يولغا چىقىش تولىمۇ چوڭ گۇناھ. خۇدانى ئالداش، ئىماننى سېتىش دېگەن مانا شۇ!

— شۇنداقتا سىلىنىڭ ئىمانلىرىچۇ، تەقسىر! — دېدى ئېگىز، چوقۇر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — راست، مەن ئۆزۈم سودىگەر. سوۋغا - سالام ئۈچۈن 200—300 مېتىردەك شايى بىلەن ئەتلەس ئالدىم. سىلەچۇ؟ ماشىنىدىكى يۈكنىڭ يېرىمى سىلىنىڭ، تەقسىر. قانچىلىك يوپكا، چۈچۈنچە، مەرۋايىت ئالدىلا؟ يول ئۇزۇن، تېخى كۆرىمىز. كىم سودا قىلغىلى، كىم ھەج قىلغىلى كېتىپ بېرىپتۇ؟ ياراتقان ئىگىسى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ!

— بەس، ھاي قاسىم ئۇكام، — دېدىم مەن تەخىر قىلالماي، — ھاجىمنىڭ گەپلىرى يوللۇق، راست ئېيتتىڭىز، ھەج قىلغىلى ساپ نىيەت بىلەن مېڭىش زۆرۈر.

يول ئۇزۇن، سەپەر مۈشكۈل، ماشىنىدىكىلەر تېزلا بىر جامائەت بولۇپ قالدۇق. سۇ بار يەرلەردە توختايمىز، بەش ۋاق نامازنى قازا قىلمايمىز. مەن ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىمەن، ئىمامەتچىلىككە ھاجىمنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇق. ھەر ۋاق نامازدىن كېيىن ناسىر ھاجىم «ھەج ساۋاتلىرى»، ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق كىتابخانلىق قىلىدۇ. نامازدىن كېيىن ماشىنىدا كېتىپ بېرىپمۇ ساۋاب ۋە گۇناھلار ئۈستىدە ئاۋازلىرى پۈتكىچە سۆزلەيدۇ. مەن قايىلمەن، ناسىر ھاجىم شەرىئەت ئىلمى چوڭقۇر كىشى ئىكەن. قارىڭ، ئۇ «قۇرئان كەرىم» كەلىمىلىرى ئۈستىدە شۇنداق تەپسىلىي سۆزلىدىكى، قۇرئاندىكى 6666 ئايەتنى تۈرلەرگە بۆلۈشنى مەن بىرىنچى بولۇپ ھاجىمدىن

ئاڭلىمىدىم. نېمە، قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىكەن دېمەسسىز؟ ساڭا بۇنىڭ نېمىگە لازىمى بار بالام؟ بوپتۇ، بۇمۇ بىر بىلىم دەپ تونۇغان بولساڭ دەپتىمىدىگە يېزىۋال، ھە، راستلا ئاۋۇ ئۇلۇغ ئالىمۇ دېگەن نېمەڭ ھەممىنى ساڭا خاتىرىلەپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولسا بىلىۋال: قۇرئاندىكى 6666 ئايەت تۆۋەندىكىچە 9 تۈرگە بۆلۈنىدىكەن:

1000 ئايەت ۋەئدە (يەنى ئەمىردىگە مەدھىيە)

1000 ئايەت ۋەئىد (يەنى تەھدىت)

1000 ئايەت ئەمرى (يەنى بۇيرۇق)

1000 ئايەت نەھيە (يەنى مەنئىي، چەك)

1000 ئايەت قىسسە (يەنى ۋەقەلەر)

1000 ئايەت مىسال (مىسالىنى ئۆزۈڭ ...سەن)

500 ئايەت ھالال - ھارام

100 ئايەت دۇئات (يەنى تىلەك)

66 ئايەت ناسۇخ - مەنسۇخ (تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئەمەل قىلىنمايدۇ، دېگەن سۆز)

ناسىر ھاجىمنىڭ ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغىنى ھالال ۋە ھارام توغرىسىدىكى 500 ئايەت. قارا، بالام، ھاجىم ھالال بىلەن ھارامنىڭ تۈرلىرىنى شۇنداق سانايدۇكى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇ، دۇنيادىكى ھارام نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىر نەچچە يۈزگە، ھەتتا بىر نەچچە مىڭغا يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە: ئادەم پىلىسىراتنىڭ ئۈستىدە ماڭغۇدەك، ئازراقلا دىققەت قىلمىسا ھاراملىق پاتقىقىغا دەسسىۋالىدىكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، قورسىقى كەڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ. كۆپچىلىك سەپەر جەريانىدا ھاجىم توغرىسىدىكى ھېلىقىدەك گەپلەرنى ئۇنتۇپ ئۇنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئە-

شۇنداق قىلىپ گەپ - سۆزسىزلا بىزنىڭ ھەج ئۆمىكىمىزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. مەن ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغىنىم بىلەن ھېچقانداق بىر ئىشنى ناسىر ھاجىمنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئوتتۇز نەچچە كىشىنىڭ ئەقىلدارى، رەھبىرى، پېشىۋاسى بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ دۇئا قىلىنغان قىزنى ئالغىنى ئىمغۋا ئىكەن.

— شۇنداق بولماي نېمە بولاتتى، بىز ئۇيغۇرلار پىتنە - پاساتقا شۇنداق ئۇستا تۇرساق...

— پىتنە توقۇيدىغان بولساق ئىگەكىم...

— ھاڭگىنى مىدە قىلىۋېتىمىز!

— نارەسىدىنى قاتىل قىلىۋېتىمىز!

—ئۆزىمىز توقۇغان پىتنىگە ئۆزىمىز ئىشىنىمىز!

ئاخشىمى چۆلدىكى ئازادە شەخسىي سارايدا يېتىپ قىلىنغان بۇ سۆھبەتكە يەنە مەن چەك قويدۇم:

— قويۇڭلار دەيمەن، غەيۋەت - شىكايەت گۇناھ!

— بىز بىرسىنى دېمىدۇق.

— ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دەۋاتىمىلەرغۇ؟ بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ - يا؟

— بىزمۇ ئۇيغۇرغۇ. ئۆز - ئۆزىمىزنى دېسەك گۇناھ ئەمەستۇ، ئەپەندىم؟

مەن دائىم مۇشۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

نېمىشقا دېمەمسىز؟ پاكىتلار مېنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ، بالام. راست، بىز پىتنىگە ئىمغۋاسىز ياشىيالمايمىز. مەن ئۆز خەلقىمىزنى ياخشى كۆرىمەن، بالام. ئۇيغۇر دېسە تىك تۇرىمەن. لېكىن، بۇرۇن ئۆز خەلقىمنى ياخشى كۆرگەن بىلەن ياخشى بىلمەيدىكەنمەن.

www.uyghurkitap.com

مانا قارا، بۇ قېتىم خەلقىمىزنىڭ مولىلىرى، زىيالىيلىرى، سودىگەرلىرى، ئەخمەقلىرى، كۆكەملىرى... خىلمۇ خىل كەسىپ، خىلمۇ خىل مىجەزلىكلىرى بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ، پايدا - زىيان، راھەت - جاپادا بىللە، بىردە يول قويۇپ، بىردە تالىشىپ، قىزىرىشىپ يۈرۈپ خەلقىمنى چوڭقۇرراق چۈشەندىم. بالام، بەزى ئادەملەرگە ھەيران قالدىم: ئۇلارغا خۇدايىم شۇنداق بىر كۆز بېرىپتۇ، ئۇ كۆز باشقىلارنىڭ ئەيىبىنىلا كۆرىدىكەن، ئۇلارغا شۇنداق تىل بېرىپتۇ، بۇ تىل باشقىلارنىڭ يامان گېپىنىلا قىلىدىكەن، ئۇلارغا يەنە شۇنداق بىر مېڭە بېرىپتۇ، بۇ مېڭە باشقىلارنى ۋەيران قىلىشنىلا ئويلايدىكەن!

... قېنى چاي ئىچ، بۇ گەپلىرىمنى ئۈنئالغۇدىن ئۆچۈرۈۋەت، باشقىلار ئاڭلاپ قېلىپ اۋەنجىپ يۈرمىسۇن يەنە!

مەن يولدىن چىقىپ كەتتىم، نەگە كېلەۋېدىم - ھە؟ ھەئە شۇنداق. ھېلىقى چۆلدىكى سارايدا يولنىڭ بوسۇللىرى بىلەن پېتىر مانتا، چەينەك شورپىلىرى بىلەن ياخشى تويغاندىن كېيىن خۇپتەننى ئوقۇپ، قوغۇن - تاۋۇز شىرنىسىدىن بوشاشقان، شۇ سەۋەبتىن سىم كارىۋاتتا پاكىزە كىرلىك سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە يېتىشقان ياشسەپەرداشلارنىڭ سۆھبىتىگە كېلىپ توختىغانمەن.

بىز ئون كىشىلىك چوڭ ئۆيدە سۆھبەتتە، ھاجىم ياندىكى كارىۋاتلىق ھوجرىدا يالغۇز خورەك تارتماقتا. بىز ئۇنىڭ خورىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئەشۇ يالغۇز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغان.

— ھاجىمنىڭ خورىكى مۇشۇ ئۆيگە ئاڭلىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن!

— ھاجىمنىڭ خورىكى ماشىنىنىڭ ئاۋازىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەن!

— خۇدايىم ئىشتىھا بىلەن ئۇيقۇنى ھاجىمدىن ئايىمىغانىكەن.

— بۈگۈنكى تاماق پۇلىنى تۆلىگىنىمگە چىدىيالماي ھاجىمنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتامسىنا چىدىماس؟

— ھاجىمنىڭ تاماق، ياتاق پۇلىنى ئۈستىمىزگە ئالغىنىمىز ساۋابلىق ئىش ئاغىنىلەر!

— نەچچە تاي مېلى بىلەن مەرۋايىتلىرىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشۈپ بەرسەڭ تويتوغرى جەننەتكە كىرىسەن ئەمەت ھاجى!

— قاسىم چوقۇر، ھەرەمگە ئۈزۈم ئېلىپ ماڭالمىدىم دەپ غەم بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتامسەن، قەشقەردىن كاۋاپدان ئېلىۋال، بېيجىڭ، گۇاڭجۇلاردا كاۋاپچىلىق قىلغان ئويغۇرغا ئىسلامئاباد، كاراچى، جىددە، مەككىلەر نېمىدى؟

— سەن دوغچىلىق قىلغىلى ماڭدىڭمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمەت دوغچى بىر دومىلاپلا ئەمەت ھاجى بولۇۋاپتۇ تېخى!

— بولدى قىلىڭلار، ھاجىم ئويغىنىپ قالمىسۇن يىگىتلەر، - دېدى ئارىمىزدىكى قېرى ئىشچى ئۆز كارىۋىتىدا تەسۋى سېرىپ، ئاغزىنى مىتىلدىتىپ قىلىۋاتقان تەقۋادارلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، — بىلەمسىلەر، ناسىر ھاجىم تەكشى ئادىمى ئەمەس، سىلەرنىڭ مۇشۇ چاقچاقلىرىڭلارنى چۈشىدە ئاڭلىدى ئۇ. ھەج سەپىرىدە چاقچاق ھارام، ئۇنتۇپ قالماڭلار!

— غەيۋەت ھارام، چاقچاق ھارام، ئاچكۆزلۈك، خىيانەت، نامەھرەم، كۈپۈرلۈق، شېرىكلىك... يەنە نېمىلەر ئىدى؟ قاسىم چوقۇر، سەن ياخشى يادلىۋال جۇمۇ؟

— ئەمەت دوغچى سەن بويىنۇڭغا تومار قىلىپ ئېسىۋال، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغاندىن ئارىمىزدا بىرلا سەن بار!

www.uyghurkitap.com

بىز ئەشۇنداق چاقچاقلار بىلەن ئۇخلاپ قالدۇق.

يەرگە يورۇق چۈشمەستە بىز ماشىنىغا چىقىشتۇق. ئىشىك ئالدىدا سارايۋەن ئايال پەيدا بولدى:

— قايسى ھارامىلىق ئەدىيالنى ئېلىپ ماڭدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، — ئۈچ كېچەنىڭ ياتاق پۇلى تۆلەپ ئوتتۇز كېچەنىڭ ئەدىيالنى ئېلىپ ماڭغان نائەھلىنى تېپىپ بەرمىسەڭلار ماشىناڭلارنى ماڭغۇزمايمەن!

مەن تۆش يانچۇقۇمدىن ئوتتۇز يۈەن چىقىرىپ ئايالغا يېلىندىم:

— سىڭلىم، ماڭ، پېگىسىنى ئېلىۋېلىڭ، ھەج سەپىرىگە ماڭغان ئادەملەرگە قارا چاپلىماڭ!

— ۋاي ھارازۇل دوزىخى! — دېدى ناسىر داجىم ئايالغا ھومىيىپ، — پۇل بەرمەڭ بۇ تويىمىغۇر قانجۇققا!

جېدەل چىقاتتى، لېكىن شوپىرىمىز مېنىڭ ئىشارىمىم بىلەن ماشىنىنى ھەيدىدى.

بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئاخىرقى بامدات نامىزىنى بىر قونالغۇدا ئوقۇدۇق. مەن ھاجىمنىڭ بىر يېڭى ئەدىيالنى جايناماز قىلىپ بىزگە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈمدە، ھېلىقى سارايۋەننى ئەسلەپ سەسكىنىپ كەتتىم.

— قەشقەرگە كېلىپ قالدۇق جاماەت! — دېدى ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە قاراپ، — ئۇلۇغ ئاپپاق خوجام مازىرى بار، مۇقەددەس شەھەرگە پاك ئىمان، پاك نىيەت، پاك بەدەن بىلەن كىرەيلى. ئەنە سۇ، تاھارەت ئېلىپ ماشىنىغا چىقايلى.

بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدۇق. ئۇ، سەللىنى قايتىدىن ئوراپ سەللىنىڭ پەتىسىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىزگە باشلامچى بولۇپ سۈرە باشلىدى:

— لەببەيك، ئاللاھۇممە لەببەيك! . . .

قەشقەر شەھىرىنىڭ خام بازىرىدىكى ئابدۇقادىر داموللام مەدرىسىگە (ئۇ جاي ھازىر سىياسىي مەكتەپ ئىكەن) سۈرە ئوقۇپ ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدۇق!

خوش، ئۆي ئىسسىپ كەتتى، قالغان گەپنى باغقا چىقىپ قىلىشايلى. قېنى ئوغلۇم ئەيسەرەم، مەرھەمەت قىل، بالىلار باغقا — ئالما تېگىگە ئورۇن راسلاپ قويۇپتۇ.

كۆرپە يېيىپ ئولتۇرغىن، ماۋۇ ياستۇقنى قولتۇقىڭغا قىسىپ يانپاشلا. ھە، مانا شۇنداق. بالىلار چاينى ئۈزۈلدۈرمەڭلار. گەپ ئۇزۇن، تېخى ئەمدى باشلاندى، بالام. ئۈنئالغۇچنىڭ زاپاس لېنتىسى باردۇ - ھە؟ ئۇنداق بولسا ياخشى. خوش، قەيەرگە كېلىۋېدىما؟

ھە، راستلا خام بازىرىدىكى ئابدۇقادىر داموللام مەدرىسىگە كېلىۋېدۇق. شۇنداق قىلىپ بىز مەدرىسە ھۇجرىلىرىغا جايلاشتۇق. ھويلا مىغ - مىغ ئادەملەر بىلەن تولغانىكەن. مەن ئۇ كۈنى شۇنداق چارچىدىمكى، ئۇكام ئون پۇتلۇق يەرنىڭ زىغىرىنى چالغا بىلەن چاپقاندەك بولدۇم. نېمىشقا دەمسىنا؟ مەن ئۆمەك باشلىقى - دە. بۇ يەردە ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئىشى شۇنچىلىك جىقكى، ئۇنى بىر دېمە. 34 ئادەمنى ياتاقلارغا بۆلۈش، ئانكېتىلارنى تولدۇرۇش، ساقچى ئىدارىسىدە ئۆچىرەت تۇرۇپ پاسپورت ئېلىش، ئۇ يەردىن پوچتىخانىغا كېلىپ پوچتا ھەققى (بۇ نېمە سېكىنتالىڭ) تۆلەش، بانكىغا بېرىپ قىستىلىپ يۈرۈپ ھەر بىر كىشىگە 200 ئامېرىكا دوللىرى تېگىشىپ ئېلىش. بۇ يەردە 2000 ئامېرىكا دوللىرى كۆرسەتمىسەڭ تېخى ساڭا پۇل

تېگىشىپ بەرمەيدىكەن دېگىنىم. ناسىر ھاجىم
ئۇ يەردىمۇ بىر چارەك قىلدى جۇمۇ ئۇكام.
مەندىن 1000 دوللار ئېلىپ ئۆزىدىكى 800
دوللارغا قوشۇپ كۆرسىتىپ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈ-
زۋالدى. ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن 1000 دوللار-
دىن ئىلگىرى قەغەز كەم چىقىپتى جۇمۇ ئۇكام.
بۇنى قانداقمۇ ھاجىمغا دېگىلى بولاتتى، بەلكى
قېرى ئادەم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ، ياكى بىرە-
سى ئېلىۋالغاندۇ. لېكىن مەن نېمىلا بولسۇ-
ن ئىشنىڭ پۈتكىنىگە خۇشال. كەچتە ھې-
رىپ ياتاقتا كەلسەم يەنە ھاجىمنىڭ جېدەلى.
ئادەم ياتىدىغان ئۈچ كارىۋاتتا ھاجىم ئۆزى-
نىڭ يۈك-تاقىنى قويۇۋالغانىكەن، ئۈچ ئا-
دەمىمىز تالادا قاپتۇ. ھاجىمنىڭ يۈكلىرىنىڭ
تولىلىقىنى دېمەيتىمەن تېخى، مېنى چارچى-
تىپ ھالىمىدىن كەتكۈزگەنمۇ شۇ يۈكلىرى ئى-
دى. ئۆمەك باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن بىر-
مۇ ئادەمنىڭ يۈكىنى تالادا قويماسلىقىم
لازىم-دە. مەن توشماي كىم توشۇيتتى
ئەمىسە. قارا تەرگە چۆمۈلگىچە يۈك توشۇدۇم
ئۇكام. بۇ چاغدا قۇرئاندىكى ھېلىقى 500
ھالال-ھارام، ناسىر ھاجىمنىڭ ھارامىلار
تىزىملىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ
كەتكەنىدى. ئاخشىمى ياتاق ماجىراسىدا قا-
سىم چوقۇر يەنە بۇ گەپنى قوزغىدى:

— ھاجىم، خوجامنىڭ ئىشىكى چۈشەكتە
يېتىپ، مالىيى توپىدا ياتسا، بۇ ئىشەك خو-
جامغا ھالالمۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ ھاجىمنى
مەسخىرە قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن ياشلارنىڭ
ئېغىزلىرى ئېچىلدى:

— مولىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى
قىلما!

— ھەممىنى موللا بىلىدۇ، موللا قويۇپ
كۆرگەن . . .

— پاھ، ھاجىم ئون تاي مال ئېلىپ مېڭىپ-
تىلا، تاموژنا بىلەن پۈتۈشۈپ قويىلىمۇ نېمە؟

ھاجىم ئۇ چاغدا شۇنداق بىر ئادەمگە
ئۆزگىرىۋالدىكى، قويۇۋەر، ئۆزىنىڭ ئىززەت-
ئابرويى، تەقۋادارلىقى ۋە يىل بويى قىلغان
ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئون تاي مال ئۈچۈن
يۈندىدەك تۆكۈپ تاشلاپ، ھارسىز، بىچارە،
پاخپا ئايلىنىۋالدى. ئۇ، قارا يەكتەك ئۈس-
تىدىن كۆك پوتا باغلاپ، ئاق شاپاق دوپپىس-
نى كۆزىگە چۈكۈرۈۋېلىپ، كارىۋاتتا تۈگۈ-
لۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھەممە زەربە، ئاھانەتلەر-
گە چىداشلىق بەردى. لېكىن مەن چىدى-
مىدىم:

— بولدى! جۇرۇڭلار، كارىۋات يېتىشمە-
گەنلەرنى مەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرىي-
مەن، — دېدىم ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ھاجىمنىڭ شۇ كۈنلەردىكى بىچارە، مەس-
كىنلىكىنى ئويلىسام كۈلكۈم كېلىدۇ، ئۇكام.
ئازراق پايدا ئۈچۈن ئۆزىنى خورلاش، باش-
قىلارغا يېلىنىش، باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆ-
مىلەش بىز ئۇيغۇرلاردىلا بار ئەيىبمۇ ياكى
باشقا مىللەتلەردىمۇ بارمۇ؟ بۇنى مەن بىل-
مەيمەن، سەن ياخشى بىلىسەن ئۇكام.

يېرىم كېچىدە بىرسى مېنى ئىغىتىپ ئوي-
غاتتى:

— بۇ مەن، ناسىر ھاجىم، — دېدى ئۇ مەن
چالا ئويغانغاندىن كېيىن پىچىرلاپ، — جۈ-
رۈڭ باشلىق، تالاغا چىقايلى، سىز ماڭا
مەسلىھەت بەرمىسىڭىز بولمىدى.

بىز ھويلىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ پىچىر-
لاپ تۇرۇپ:

— سىز راستىلا ھېچقانداق مال، سوۋغا-
سالامسىز يولغا چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، تەقسىر، ھەج قىلغىلى چىقتىم.

— تائىفتا تۇغقانلىرىم بار دېۋېدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق، شىرىم تۇغقان.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا مۇنۇ تۆت كوپتىمنى ئېلىۋېلىڭ، قۇرۇق قول بارغاندىن ياخشى. سىز تولا خام ئادەم ئىكەنسىز.

مەن كوپتىلارنى قوبۇل قىلدىم ھەم 200 سوم تەڭلىدىم.

— ياق، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان ياردىمىم. سىز ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭىز. ئۆمەك باشلىقىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئەزالارنىڭ بۇرچى. بۇنى 34 ياق 33 ئەزانىڭ ئىچىدە بىر مەنلا چۈشەنمىدىغان ئوخشايمەن!

— ئېسىمگە سالغانلىرىڭىزغا چوڭ ياردەم تەقسىر، شۇنداقتىمۇ بىكارغا ئالالمايمەن!

— ماقۇل ئەمىسە، دانىسى 50 كويدىن ئەمەس، 45 كويدىن ئۆز باھاسىدا بولسۇن، پۇلنى يۇرتقا بارغاندىن كېيىن بەرسىلە.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ:

— مېنىڭ ئىككى تاي يۈكۈم سىزنىڭ پاشپورتىڭىز بىلەن تامۇژنىدىن ئۆتسە قانداق دەيسىز، تەنجاڭ!

ئۇ بىردەمدىلا خەنزۇچىلاپ «تەنجاڭ» (تۇەنجاڭ — ئۆمەك باشلىقى دېمەكچى) دېگەن سۆزنىمۇ ئىشقا سالدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئەتىسى ماللار ئۆتكۈزۈلۈپ بولۇپ، بىز قەشقەردىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھەممە ئادەم ھاياجانلانغان، ھويلىلار، كوچىلار خوشلاشقۇچىلارنىڭ يىغا-زارە، ھۆكمەت، تىلاۋەت دۇئالىرى بىلەن تولغان، ماشىنىلارغا يۇرت-يۇرت بويىچە ئورۇنلاشقان ھەج ئەھلى، ئۆز ئۇرۇغ - تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، يۇرت-جامائىتى بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلىشىۋاتقاندا، بىزنىڭ ناسىر ھاجىم قايتىدىن جانلاندى. ئۇ، قارا پەشمەت، ئاپئاق كۆڭلەك، چىرايلىق ئورالغان سەللىسى، تۆت چاسا چىرايلىق ساقىلى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا ئىدى. ئۇ سۆزلىمەكتە، ئايەت ئوقۇماقتا، كەينى - كەينىدىن دۇئا قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن خەلق ئۇنىڭ ئۆز ئۇتقىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىماقتا:

— ھەج قىلغىلى ماڭغان ھەر بىر مۇسۇلمان خۇدادىن باشقىنى ئويلىماسلىقى، پەرز ئادا قىلغىلى ماڭغان ھەر بىر ئۇممەت خۇدانىڭ بىر نامىدىن باشقا نامنى تىلغا ئالماسلىقى، دىلىغا پۈكمەسلىكى لازىم. كىمدە كىم مال-دۇنيا، ئالتۇن-كۈمۈش ۋەسۋەسىگە چۈشىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ قىلغان ھەجى قوبۇل بولمايدۇ... ۋالنىئمە تەكۋە كەلەلمۇلىك، لاشەرەكەلەك!

ئەنە شۇنداق، بالام ئەيسىرىم، بىز خەق مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىنى قىلالايدىكەنمىز، بىچارە بولمىدىغان، ئۇششۇق بولۇۋالمىدىغان جايدا ئۇنىمۇ قامالاشتۇرالايدىكەنمىز، مەرتىۋە، ئابروي تالىشىدىغان سورۇن تېپىلسا باشقىلارغا زادىلا ئۆلۈش قالدۇرمايدىكەنمىز.

ئويالدىن ئۆتۈپ تاقىر تاغقا ياماشقاندىن كېيىن، ھاجىم بېشىنى مۈرەمگە قويۇۋېلىپ شۇنداق خورەك تارتتىكى، بۇ خورەك تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندە تاشقورغانغا كەلگىچە ماشىنىدىكى ھېچ ئادەمگە ئارام بەرمىدى. ياشلىرىمىزنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ئون تاي مالنىڭ ئالتىسى تامۇژنىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتتى. تۆت تاي مال ئورۇندۇقنىڭ ئاستى، ماشىنىنىڭ ئۈستىدە. خاتىرجەم بولۇۋالغان ھاجىم بۇنچىلىك ھۆركىرىمەيتتىمۇ ئەمىسە!

— ھاجىمدىن سوراۋالمايتتىمىز - دە، كۆل بوقىسى ھۆركىرىگەندەك ئاڭلىنىدىغان خورەك ھالالمىدۇ، ھاراممىدۇ؟

— ھەي يىگىتلەر، ياخشى گەپلەرنى قىلايلى، ئازار بولىدىغان گەپلەرنى قىلمايلى.

مەن ھېلىدىن ھېلىغا ياشلارنى نەسىھەت

بىلەن تونۇشالمىدىم. ھاجىم بۇ تاپا-تەنىلەرنى نەدىن ئاڭلىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئازاب-لانمىدىم، خىجىل بولمىدىم، بۇ ئازاب، خىجالەت-چىلىك، مېنى ئۇنىڭ يۈكلىرىنى توشۇغاندىنمۇ، تاموژنىدىن ئۇنىڭ يۈكىنى ئۆتكۈزىمەن دەپ خادىملارغا يېلىنغاندىنمۇ بەكرەك تەرلەتتى ئۇكام.

تەرلەپ - پىشىپ، ھېرىپ - چارچاپ، ھاۋاسى شالاڭ تاغ ئۈستى «مىڭتېكە» (خۇنجىراپ) ئېغىزىغىمۇ كەلدۇق. مەن بۇ يەرنى مىڭتېكە دېيىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئارىمىزدا خېلى بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. «خۇنجىراپ» دېگەن سۆز پارسچە «قان ئاقار دەريا» دېگەن بولىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرچە مىڭتېكە دېگەن ئىسمىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ. بىز نېمىشقا ئۇيغۇرچە يەكەن دەرياسى، مىڭتېكە دېگەن سۆزلەرنى قوللانماي «زەرەپشان»، «خۇنجىراپ» دېگەندەك پارسچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىمىزكىنتاڭ!

ماقۇل، كەينى شاخلاتماستىن ئەشۇ «مىڭ-تېكە» ئېغىزىغا كېلەي. بۇ يەردە بىزنى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ماشىنىلار يەرگە چۈشۈردى - دە، بىز چېگرىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئاندىن يەنە قايتىدىن ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، پاكىستانغا قاراپ ماڭدۇق. مانا شۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئەستەر - پاختىسى چۇۋۇلىدىغان گەپ ئىكەن.

ئۈستى سۈلياۋ بىلەن يېپىلغان تەكشۈرۈش ئۆيلىرىگە ھەممە يۈكنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىدىغان گەپكەن. بۇ يەردە ھېچكىم - ھېچكىمگە ياردەم قىلمايدىكەن. ئادەملەر سەممىيەت، راستچىللىق دېگەنلەرنى مانا مۇشۇ يەرلەردە تامامەن ئۇنتۇشىدىكەن. مەن ئاران - ئارانلا نەپەس ئېلىپ ياندىكى ئاشخانا سايىسىدە ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋاتقان خوتەن ھەج ئۆمى-كىدىكىلەرنىڭ قىزىقچىلىقىنى كۆرمەكتىمەن.

بۇ يەردە خالتىلار ئۆلچىنىدۇ، تال-ونلار تەكشۈرۈلىدۇ، بەلگىلىمىدىن ئارتۇق ماللار تۇتۇپ قېلىنىپ، مال ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىغا تالون بېرىلىدۇ، ئۇ تالون بىلەن ھەج قىلىپ قايتقاندا تۇتۇپ قېلىنغان ماللىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ھەج قىلغۇچىلىرىمىزنىڭ پەم - پاراسىتىگە ھەيران قالدىم. بىر خالتىنى تارتقۇزۇپ بىرنەچچە خالتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان، مومايلارنىڭ بويۇنلىرىغا، بىلەكلىرىگە قات - قات مەرۋايىت باغلاپ ھەتتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بولغانلارغا ئۈستىلىق بىلەن ماللىرىنى شۇڭغۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ماللىرىنى ئۆتكۈزۈشۈۋاتقانلار ماڭا ئۆز ھۈنەر-لىرى بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. تاموژنا خا-دىملىرىنىڭ سەگەك كۆزلىرى، مول تەجرىبى-لىرى بىزنىڭ ھەج قىلغۇچىلىرىمىز ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقاتقان.

مەن ئۆزۈم بىللە نەچچە كۈنلەپ سە-پەر قىلغان، ئادەتتە ئۆز كېيىنىشىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدىغان، ناچار كىيىنگەن دېھقانلارنىڭ بۇنچىلىك ماھارەتنى ئۆگىنىۋالغىنىغا ھەيران-مەن. مەندىن باشقا ھەممىلا ئادەم مال ئەكەل-گەن. ھەممىلا ئادەم تاموژنىدىن ئارتۇق ئۆت-كۈزۈشنىڭ كويىدا.

— ھاجىمنىڭ ماللىرى ھارام بولىدىغان بولدى، — دېدى قاسىم چوقۇر خۇشال بولۇپ، — قاراڭلار، بوز يەرگە مۆكلىنگەن دۆڭداقنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ماللىرى.....

مەن شۇ چاغدىلا يول بويى يېنىمدا ئول-تۇرغان، قىلىقلىرى بىلەن جېنىمغا تەگكەن يۇرتلۇقۇم ناسىر ھاجىمنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇ-قىنى بايقىدىم. ئۇ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بو-لۇشىغا تاشلانغان مېشكاپ، خالتا، چامادانلار ئارىسىدا شاپاق دوپپىسىنى كۆزدىگە

www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈۋېلىپ مۆكچىيىپ يۈرەتتى. ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— مەرۋايىتلىرىنى بويىنىغا ئاسارمىكىن بۇ ھاجىم!

— ماللىرىنى تارتىۋالسا ھوشىدىن كېتەرمىكىن دەيمەن!

— ھەي ئەمەتجان، ھېچ بولمىسا ماللىرىنى تارازا يېنىغا ئەكىلىشىپ بەرسەڭ بولامدۇ، ئۇنتۇما، قېرىلارغا ياردەم قىلماق ھالال!

— ھارامنى كۆتۈرمەك ھالال دېگىنە!

— ئاپلا، ھاجىم ھېلىقى ھاراملارنىڭ تىزىملىكىگە ئۆلچەمدىن ئارتۇق مال ئېلىش ھارام دېگەننى كىرگۈزمىگەنمىكەن - دە!

— ھاي يىگىتلەر، جورۇقلار ياردەم قىلايلى بىچارە بوۋايغا!

مەن يەنە ئىككى - ئۈچ يىگىت بىلەن ھاجىمغا ياردەم قىلىشقا باردىم.

— ئە... ئەزالىرىڭغا قارىمايدىغان قانداق ئۆمەك باشلىقىسەن، ئەپەندى!

ھاجىم بىر ناچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا قېرىپ - مۈكچىيىپ، قارىداپ - سارغىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇددى بەزگەكتەك تىترەيتتى. مەن يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى:

— ماۋۇ ئىككى بوپىنى مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي، يەنە نېمىلىرى بار تەقسىر؟

ئۇ، قويىنىدىن بىر كىر خالتىنى ئالدى. خالتا ئېغىر ئىدى.

— مەرۋايىت، — دېدى ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ يېلىنىپ، — بىزنىڭ ئامانىتى ئىدى. ناھايىتى بەش كىلو...

— ئەكېلىڭ، مەن ئۇنى ئۆتكۈزۈشۈپ بېرەي.

مېنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئىكەنلىكىم شۇ يەردە ھەممىنىڭ يادىغا كەلدى. مەنمۇ شۇ يەردىلا ئۆزۈمنى راست باشلىق ھېس قىلدىم؛ ھاۋا يېتىشمەي ھالسىرىغان قېرىلارغا ئۇسسۇزلۇق تېپىپ بېرىش، ماللارنى رەتلىك تىزىش، ئەزالارنىڭ پاسپورت، ئانكېتىلىرىنى رەتلىشىپ بېرىش، يۇقىرى بېسىملىق قازاندا پىشقان كۆكتاتسىز سۇيۇقئاشقا ئادەملەرنى ئىناق بىلەن ئۆچىرەت ساقلاشقا دەۋەت قىلىش، ھەممە ئادەمگە يېتىپ بىر ئادەمگە يەتمىگەندە، سۇيۇقئاش يەتمىگەن شۇ بىر ئادەم مەن ئۆزۈم بولۇپ قېلىش، تېخى سۇيۇقئاش تالىشىپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئاخىرىدا ياقىلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلىرىمىزنى ئاجرىتىپ قازى بولۇپ ماجرا سوراش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆمەك باشلىقىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردا چەر كىم مېنى ئەسلەيدۇ - دە، بالام.

ئۆمەك باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلدىم. بۇنىڭ ئازابى ئازمۇ بالام.

بىز يېزىدا خۇددى قويدەك ياۋاش، شەبنەمدەك تازا ئۆسكەن ئادەملەر. راستىنى راست، يالغاننى يالغان دەپ ئادەتلەنگەن. ھۆكۈمەت بىر نېمىنى بىلمىسە چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ماللارغا چەك قويامدۇ؟ لېكىن بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ چەكنى بۇزدى. بۇزغاندىمۇ يوق قىلدى دېگىنە. بۇنىڭ ئازابىنى بىرلا مەن تارتتىم. نېمىشقىمۇ مۇئەللىم بولغاندىمەن؟ دەپ ئويلىدىم ئۇكام. ساختىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق تەرىپىدە تۇرۇش قانچىلىك ئازاب - ھە؟ لېكىن چېگرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئازابقا ئازاب قوشۇلدى: مەن ھاجىمنىڭ ماللىرىنى سالامەت ئۆتكۈزۈشۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەزالارغا نەسىھەت قىلدىم. ئەزالار قولمۇ-قول قانات يېيىپ ئۇنىڭ ھەممە مېلىنى ئۆتكۈزۈشۈپ

بەردى. ئۇنىڭ ھەممە مەرۋايىتلىرىنى ئۈمى-
كىمىزدىكى ئاپالار بويۇنلىرىغا باغلىشىپ
ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. لېكىن مەن ساناپ، ئۆل-
چەپ ئۆتكۈزۈلۈۋالمىغان مەرۋايىتنى ھاجىم مەندىن
ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇ-
مۇپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— كىشىنىڭ ھەققى ھارام، مېنىڭ بەش
تىزىق مەرۋايىتىم كەم تۇرىدۇ. كىم ئالغان
بولسا قىلغان ھەججى قوبۇل
ئەمەس!— دېدى ئۇ ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇۋې-
لىپ ۋارقىراپ. مەن ئۇنىڭ پېشىنى تارتتىم:

— ئاپالارغا ئازار بولىدۇ ھاجىم، تارت-
قان زىيانلىرىنى مەن تۆلەپ بېرەي، ۋارقىر-
مىسىلا!

ھاجىمنىڭ دېگىنى بويىچە پۇل تۆلىدىم.
بۇنىڭ كارى چاغلىق. بەردىبەر سېنىڭ يان-
چۇقىڭدىكى پۇلمۇ باشقىلارنىڭ، ئۇكام. لېكىن
ئاقكۆڭۈل ئادەملەرنى بولۇپمۇ كۆيۈمچان
ئاپالارنى ناھەق قارىلاش، ماڭا ئوخشاش
«ئىنساب دالالەتچىلىرى»گە تولىمۇ ھار
كېلىدىكەن.

مەن قالغان پۈتۈن سەپەر داۋامىدا ھا-
جىمغا گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ
نامازمۇ ئوقۇمىدىم. ئۇ «مىكتېكە» ئېغىزىدىن
ئۆتكەندىن كېيىنلا قايتىدىن جانلاندى: ۋەز-
نەسىھەت، سۈرە، ھالال - ھارام ھەققىدىكى
ئىزاھاتلار، بولۇپمۇ ھەج قىلغۇچىنىڭ سۈ-
پەتلىرى توغرىسىدىكى گەپلىرى پۈتۈن يول
بويى توختىمىدى.

ئاخىر ئاجايىپ ئېگىز تاغلاردىن، تىك
قىيالاردىن، قورقۇنچلۇق سۇ بويلىرىدىن
سالامەت ئۆتۈپ، كونېيلۇن - ھىمالايا تاغلى-
رىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى ئۆتەڭ — سوس
شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز بۇ يەردە
بىزنى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن شوپۇرلار
بىلەن خوشلىشىپ پاكىستان ماشىنىلىرىغا
چىقتۇق. مەن باشقىلارنىڭ خىزمىتى بىلەن
بولۇپ ئورۇن ئىگىلىمىگەنىكەنمەن، ئالدىنقى
قاتاردىن ماڭا قالدۇرۇلغان ئورۇنغا
ھاجىم ئۆز چامادانىنى قويۇۋاپتۇ. مەن
ئۈن - تىنسىز ئەڭ كەينىگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

— پەخرىدىن ئەپەندىم، چامادانىنى
ئېلىۋېتىپ ئالدىدا ئولتۇرسىلا، — دېدى
قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — چامادان ئارقىدا
تۇرسىمۇ بولىدۇ.

— ياق، ياق، ئۇكام قاسىم، ماشىنىنىڭ
كەينى ئازادىكەن، پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ
ئولتۇرغىلى قوي!

ھاجىم ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

پاكىستانلىق ساھىبخان — چاڭگا ساقال-
لىق ئادەم بىزنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى
دۆڭگە جايلاشقان مەسچىتكە باشلاپ باردى.
بۇ چاغدا ناسىر ھاجى ئانچە - مۇنچە ئوردۇ
تىلى بىلگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال ئالدىنقى
سەپكە ئۆتۈۋالدى. مەسچىت ئالدىدا شۇ
يەرنىڭ ھاكىمى، شەھەر چوڭلىرى بىزنى
قارشى ئېلىپ تۇرۇشقانىكەن. ھەر بىر ھەج
ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى ئاۋۋال چىقىشىپ
ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ئۆمەك باشلىق-
لىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان ئالاھىدە چەم-
بىرەكنى قوبۇل قىلىدىغان گەپكەن. مانا شۇ
چاغدا ناسىر ھاجىمغا قايىل قالدىم. مەن
ئارقىدىكى ئورنۇمدىن قوزغالغىچىلا ئۇ
خۇددى ياش يىگىتلەردەك تېتىكلىشىپ نەلەر-
دىدۇ كىيىپ ئۈلگۈرگەن چىرچىلىقچە پەشمەت،
چىرايلىق سەللىسى بىلەن سۈرلۈك قىياپەتكە
كىرىپ ساھىبخانلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى
ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چەمبىرەكنى قوبۇل
قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالدى. بىزگە كىنەڭ
زالدا بىر قاچىدىن ئاچچىق - چۈچۈك

www.uygburkitap.com

سۈيۈقئاش تارتىلدى. ھاجىم يۇقىرىدا، بىز پەگادا ئولتۇرۇشتۇق.

— پەخىردىن ئەپەندىم، بىز سىزنى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ سايلىغان، نېمىشقا ئورنىڭىزنى تارتقۇزۇپ قويىسىز؟

— ھۆرمەتنى ھاجىمغا ئۆتۈنگىنىم توغرا، ئۇكام قاسىم، قورساقنى كەڭ تۇتايلى! — دېدىم مەن چىن دىلىمدىن ھاجىمغا قايىل بولۇپ.

بىزنىڭ ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— جاپاغا سىز، راھەتكە ئۇ!

— جازاغا سىز، ئابرويغا ئۇ!

— ھالالغا سىز، ھارامغا ئۇ، ۋۇي ھاجى بولماي قالغان لەنتى!

— ھاي، قويۇڭلار، كىشىگە ئازار بولىدىغان گەپلەرنى قىلمايلى!

ئاجايىپ ئېگىز تاغلارنى مەن شۇ يەردە كۆردۈم. بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە، ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرىدىغان بۇنداق قارلىق ئېگىز چوققىلارنى مەن كۆرمىگەنىكەنمەن. ئۇ يەرنىڭ يوللىرىچۇ؟ ئۈستۈڭ تىك قىيا، ئاستىڭ بۇژغۇنلۇق دەريا، ئاسمانغا قارىساڭمۇ، يەرگە قارىساڭمۇ بېشىڭ قايىدۇ. پاكىستان شوپۇرلىرىغا ئاپىرىن! ئەشۇنداق خەتەرلىك، ئەگرى - بۈگرى يوللاردا ماشىنىنى تۈزدە ھەيدىگەندەك ھەيدەيدىكەن. ئۇكام مەن باشتا قورقتۇم، ئەندىكتىم، ئاستا - ئاستا كۆندۈم. لېكىن، ھاجىم شوپۇرلارنى بىردە ئۇيغۇرچە، بىردە ئوردۇچە، بىردە ئەرەبچە ھەتتا بىردە خەنزۇچە تىل بىلەن شۇنداق تىللىدى، قارغىدىكى، ھاجىمنىڭ قارغىشىنىڭ ھېكمىتى بولغان بولسا، ئەشۇ شوپۇرلار غۇلاپ ئۆلگەن بولارىدى. مەن ئاخىر ئارقىدىكى ئورنۇمدىن ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ قېتىم ئەزىيىمنى يوشۇرالمىدىم:

— ئۇ سىزنىڭ جامائىتىڭىز ئەمەس، چەتئەللىك، ماۋۇ تىللىرىڭىزنى توختىتىڭ تەقشىرا!

— سەن پەخىردىن بىزلەكلەرگە ئۆلۈم تىلەيسەن، يامان نىيەت بىلەن بۇ سەپەرگە چىققانسەن!

ئۇ ماڭا يەيدىغاندەك ئالىيىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ ئىككى قېتىم «سەن» دېگىنىگە خاپا ئەمەسمەن. «يامان نىيەتلىك» دېسىمۇ مەيلى، لېكىنزە بىزنى تېزرەك قاراركاھىمىزغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان مېھماندوست پاكىستانلىق شوپۇرنى «ئاستا ماڭمىدىڭ» دەپ تىللىغىنى ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى. بىر چەتئەللىكنىڭ ياخشى نىيىتىگە بىشەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچى نەق مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، مېنىڭ ئۇيغۇرۇم ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا ئادەمنىڭ زەردىسى ئۆرلىمەمدۇ ئۇكام!

سەپەر ئاخىرلاشتى. بىز يېرىم كېچىدە راۋالپىندى بىلەن ئىسلامئاباد ئارىلىقىدا ياپيېشىل، مۇنبەت، قاراچىلان تۇپراققا سېلىنغان «ھاجىخانا»غا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ماشىنىلاردىن ماللارنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاقلارغا توشۇماق بىر ئېغىر ئىمگەك. ھاجىمنىڭ ماللىرىنىڭ ھەقىقىي مىقدارىنى مانا شۇ يەردە بىلدىم. ئۇنىڭ ھەممە مېلى ئەگەر كىلو بىلەن ھېسابلانسىمۇ 500 - 600 كىلو كېلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ بىردىنبىر ياردەم قىلغۇچىسى بولغان پەخىردىن ئەپەندى تەرلەپ - پىشىپ، ھارغان - چارچىغىنىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ھەممە يۈكىنى توشۇدى ئەمەسمۇ؟

نېمىشقا توشۇيسىز دەمسىز؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئۇ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، ئۇيغۇرۇم، مەن ئۇنىڭ ئۆمەك باشلىقى!

ھاجىغا نىمىنىڭ خەيمەن كۆرپىلىك، يەردە

ئىككى شامالدۇرغۇچ گۈركىرەپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرىسىدا ئالتە دانە پىرقىرىغۇچ شامال چىقىرىپ پىرقىراپ تۇرىدىغان ياتاقلىرى، قاراتۇن چەلپىكى، قېتىقى، تۆۋر قاچىلار- دىن قۇيۇپ ئىچىدىغان مۇزدەك سۈيى يات ئاردىلا سەپەر ئۈستىدىكى ھەممە كۆڭۈل- سىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەتتى. مېنىڭ ئىشىم يوق، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن، راۋالپىندىنىڭ راجى بازىرىغا ياكى ئىسلام- ئاباتتىكى «فەيسال جامەسى»گە بارىمەن- دە، پاكىستانلىق كىراكەشلەرنىڭ قوڭغۇز سۈرەت، ئورۇندۇقى قاتتىق، سىرلىرى ئۆچ- كەن ماشىنىلىرىدا ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ سەيلى- تاماشا قىلىمەن. ھاجىمچۇ دەمسىز؟ ئۇ ئادەم بەش ۋاخ نامازنىمۇ ھاجىخانا مەسچىتىگە بارمايلا ياتاقتا ئوقۇيدۇ - دە، ھاجىخانا سىرتىدىكى «ھاجىلار بازىرى»دا ئۆزىنىڭ يىپەك ماللىرى بىلەن مەرۋايىتلىرىنى يېيىۋېلىپ ئەتىدىن - كەچكىچە سودا قىلىدۇ، پەقەت خۇپتەندىن كېيىنلا ماڭىنا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى تۇتقۇ- زىدۇ-دە، بىر كۈنلۈك سودىسىنى ھېسابلاتقۇزىدۇ:

— شايى 220 روپىيەدىن 1400 مېتىر...

ئۇنىڭ پۇلى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئەكەلگەن ماللىرى بىرگە ئىككى، ھەتتا ئۈچ پايدا بىلەن سېتىلماقتا. لېكىن ئۇ يەنىلا خېرىدارلارنى تىللايدۇ:

— ۋوي پاكىستانلىق پىت كۆزلەر!...

ھاجىم قاتناش، ياتاق، تاماقنى بىكارغا بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىدا شۇنچە پايدا كەلتۈرۈۋاتقان پاكىستانلىقلارنى تىللى- غىنى ئۈچۈن مەن ئازابلىنىمەن.

مېۋىگە باق، ھاي، چايىنى يېگەنلىكلارا غىزا تەييار بولغىچە پاردىگىمنى تولغىتەي، قانداقراق؟ تازا ياخشى بولۇۋاتىدۇ دەمسىز؟ ناسىر ھاجىمنىڭ غەيۋىتى بولۇپ قالمى- سۇن - ھە، يەنە؟ ئۈن ئالغۇنى ھاجىم ئاڭلاپ قالسا مېنىمۇ، سىزنىمۇ جايلىۋېتىدۇ جۇمۇ. نېمە، قانۇن، سىياسەت دەمسىز؟ بىلىپ قوي، ھاجىم بىز بىلىدىغان قانۇن، سىياسەت- لەرنى بىلمەيدىغان ئادەم. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ھاجىمغا يۇقىرىدىن پىكاپ كېلىدۇ. ئاڭلىساق، ئۇ پىكاپ ھاجىمنى مۇھىم ئۆگە- نىش، مەجلىسلەرگە ئاپىرارمىش. ھازىر ھاجىم كىم؟ ئۇ بىزنىڭ يۇرتنىڭ «پەيغەمبىرى». ئۇنىڭ رازىلىقىسىز قىز تالا- لىق قىلالمايمىز. ئۇنىڭ دۇئاسى بولماي تۇرۇپ تەۋەللۇتتىكى ئاياللارمۇ يەڭگىيەل- مەيدۇ. ئۇنىڭ نامىدا بىر كاتتا مەسچىت سېلىنىدى. «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» دېسەك، پاكىستاندىكى فەيسال جامەسى، قەشقەر- دىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئۈرۈمچىدىكى خان- تەڭرى جامەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇللادەك ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بالام. بۇ مەسچىتنىڭ پۇلىنى ھاجىم چىقارغانمۇ دەمسىز؟ شۇنداق دېسەمۇ بولىدۇ. ھاجىمنىڭ بىر جۈمەدە قىل- غان كىتابخانلىقى، بىر دۇئاسى بىلەن، بىز- نىڭ يۇرتتىن گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي- لەرگە بېرىپ باي بولۇپ قايتقان سودىگەر دېھقانلار بىلەن يېزىمىزدا كارخانا ئاچقان، خىلمۇخىل ئوقەتلەر بىلەن بېيىغان دېھقان- لار پۇل دېگەننى تۆكۈپ تاشلىدى. بىرلا سودىگەر 200 پارچە گىلەم تەقدىم قىلدى دېگىنە! شۇنداق، پۇل سودىگەردىن بولغىنى بىلەن، دۇئا - تىلاۋەت ناسىر ھاجىمدىن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن مەسچىتنىڭ نامى «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» بولىدۇ-دە!

نېمە، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىمەن دەمسىز؟ ماقۇل ئەمىسە، نەگە كېلىۋىدىم؟ ھە راستلا ھاجىمنىڭ پاكىستانلىق خېرىدارلارنى تىللىغان يېرىگە كەلگەنىدىم.

شۇ بىر كۈنكى ھېسابىدىلا ھاجىم 88 مىڭ روپىيىگە مال سېتىپ، 20 مىڭ روپىيە پايدا تاپقان!

ھاجىم شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا پۈتۈنلەي ھېسابلاتقۇزمايدىغان بولۇۋالدى. ئاخشىمى تەرگە مىلىنىپ كېرىدۇ - دە، خۇپتەننى ئالدىراپ ئوقۇيدۇ، شامالدۇرغۇچقا قاقلىنىپ يېتىپ ھېلىقى خورەكلىرىنى بەھوزۇر باشلىۋېتىدۇ.

ئىسلامئاباد ئايرودرومىغا ماڭىدىغان كۈنىلا مەن ھاجىمنىڭ ماڭا گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ خۇشال، چىرايلىق كىيىنگەن ھالدا ماڭا ھەج ساۋاتلىرىدىن دەرس سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەرەمدە ئوقۇغان بىر رەكئەت ناماز باشقا يەردە ئوقۇغان 70 مىڭ رەكئەت ناماز بىلەن باراۋەر. ھاجى بولماقلىق — خۇدانىڭ ۋىسالى ئۈچۈن دەرۋىش بولماقلىق — دېگەن سۆز. كۆردىڭىزمۇ، بىزنىڭ ناپىيەنت ھاجىلىرىمىز چامادان، سومكىلارغا نېمىلەرنى تولدۇرۇۋالغان؟ سىزنىڭ سومكىڭىزمۇ سەككىز ئايلىق قورساقتەك، ھى ھى ... بۇنداق ناپىيەنتلىك قىلسىڭىز قىلغان ھەججىڭىز راۋا بولمايدۇ، ئەپەندىم. مانا مەن بىرلا كىچىك سومكا بىلەن...

مەن ئۇنىڭ قانچىلىك مالنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام، ئۇنىڭ ماللىرىنىڭ ھەممىدىن جىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولمىغان بولسام بەلكى ئۇنىڭغا خاپا بولمىغان بولارئىدىم، لېكىن سۆزلىمەي بولمىدى:

— كىمنىڭ راۋا، كىمنىڭ راۋا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇچى بەندە ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى، تەقسىر! لاشەرىكەلەك!

مانا شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ھاجىمنى رەنجىتىپ قويدۇم. بىز ھەر قۇرى 15 ئورۇندۇقلۇق ئاجايىپ چوڭ ئايروپىلان بىلەن ئىسلامئاباتتىن كاراچىغا باردۇق. كاراچىدا ئېھرام باغلىدۇق. يەنە شۇنداق ئايروپىلان بىلەن قىزىل دېڭىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۈستىدىن توغرى كېسىپ ئەرەب قولتۇقى بويىغا جايلاشقان جىددە شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ سەپەردە ھاجىم بىلەن يانمۇيان ئولتۇردۇق. لېكىن ھاجىم ماڭا گەپ قىلماق تۈگۈل قاراپمۇ قويمىدى.

جىددە ئايرودرومىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆيىدە ئەرەب خادىملىرى مېنىڭ چامادانىمنى چۇۋۇپ شۇنچىلىك قاتتىق تەكشۈردى. مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان ھاجىم ئۇيغۇرچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى «لۇغەت» دەپ ئۇقتۇرۇپ بېرىشكىمۇ ئۈنىمىدى ... بىز مەككەمۇكەررەمە شەھىرىگە چۈشتىن بۇرۇن يېتىپ كەلدۇق. مەن «مۇسفىلە» كوچىسىدىن ناھايىتى تەسلىكتە بىر ئېغىز ئۆي ئىجارىگە ئالدىم. ھاجىمنى شۇندىن باشلاپ يوقىتىپ قويدۇم.

مەن كوچاراباد، قەشقەررابات، خوتەنراباتقىمۇ ھاجىمنى ئىزدەپ باردىم. لېكىن ھاجىمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدىم. پەقەت ئەرەفات كۈنىلا، بىز مىنادىكى چېدىرلاردىن ئورۇن ئالغان ئاخشىمىلا ھاجىمنى ئىشتىھا بىلەن توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ يەۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ قالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجىم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— نەلەردە يۈرىدىلە ھاجىم؟

— كەلگەن كۈندىن تارتىپ كېچە-كۈندۈز ھەرەمدە بولدۇم، ئەپەندىم.

مەنمۇ كەلگەن كۈنىلا ھەرەمگە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، كەئبىنى يەتتە ئايلاندىم، سافا، مەرۋىنى يەتتە قېتىم قاتىراپ مېڭىپ تاۋاب قىلدىم. چېچىمنى ئالدۇرۇپ بولۇپ يۇيۇنۇپ ئېھرامدىن چىقىپ كىيىمىمنى كىيىۋالدىم. لېكىن ھاجىم كەئبەنىڭ يۇمشاق گىلەم سېلىنغان، مۇزدەك سۇيى

ئۈزۈلمەيدىغان سالقىن قوينىدا كېچەيۇ-كۈندۈز يېتىپ - قوپۇپ، قۇرۇق نان بىلەن سوغۇق سۇ ئىچىپ ئىبادەت قىلغانىكەندە!

— پاتاققا پۇل تۆلەشتىن قاچقان گەپ! — دېدى قاسىم چوقۇر قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن كەلگەن ئادەم بىر ئېغىز ئۆي ئىجارە ئالسا بولماسمىدى. قارا، قېرى تېكىمىدەك پىخسىپ-پۇراپ كېتىپتۇ خەسىس ھاجىم!

— يامان گەپ قىلما قاسىم، سەن پەرز ئادا قىلغىلى ئەرەفاتقا ماڭغان ھاجىسەن!

ئەرەفات كۈنى مىليونلىغان ئادەملەر ئۆز دۆلەتلىرى بويىچە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇتۇشۇپ، ئۆز دۆلەت بايرىقى ئاستىدا ئەرەفات تۈزلەڭلىكىگە ماڭىدىكەن. ماشىنا، پىيادىلەر توپى چەكسىز، مەن ئۆمرۈمدە مۇنچىلىك نۇرغۇن ئادەم قايىنىمىنى كۆرمىگەنمەن بالام. كۈن شۇنچىلىك ئىسسىق، 50 گرادۇستىن يۇقىرى دېگىنە! لېكىن، سۇ بىلەن مۇز باياشات. مېنىڭ كۆزلىرىم پەنىلا شۇنچە جىق ئادەملەر ئارىسىدىن ھاجىمىنى ئىزلەيدۇ. ھاجىم ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. بىز بىر كۈن شۇ تاشلىق سايدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇردۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر خۇدادىن باشقا ھېچ نەرسىنى سېغىنمىدى، بالام. مەن گۇناھلىرىمغا كەچۈرۈم سورىدىم، ئەڭ ئالىي تىلەكلىرىمنى بايان قىلدىم. گۇناھلىرىم ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سوراۋېتىپ ھاجىمىنى يادىمغا ئالدىم. نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشى يادىمغا چۈشكىنىنى ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ ھاجىم يادىمغا كەلدى. تازا شۇ چاغدا نەچچە مىڭلىغان دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇچىلار ئارىسىدىن ھاجىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. قانداق تونۇۋالدىمكى، بۇ ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ، ھاجىم تاشلىق يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئالقانلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ:

— خۇدايىم، خۇدايىم! — دەپ ۋارقىرىغىنى، ھۆڭگىرەپ يىغلىغىنى، شۇ چاغدىكى كۆزلىرى يۇمۇلغان، ساقاللىرى تىترىگەن ھالىتى، ئېھرام ئىچىدىن يېرىم يالىڭاچ چىقىپ تۇرغان تېرىلىرى بوشاشقان، لايتوپا باسقان گەۋدىسى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ بالام. مېنىڭ ھاجىمغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى، مەن ئۇنىڭ ھەممە يامانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ھاجىم ئۈچۈن خۇدايىمدىن نېپۇ - مەغپىرەت تىلىدىم بالام.

شۇندىن كېيىن ھاجىمنى كۆرمىدىم. بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ھەج پەرزى ئادا قىلىش ئىشلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈركۈم - تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەلگەن يولىمىز بىلەن پاكىستانغا قايتتۇق.

يولدا كېلىۋېتىپ يېنىمدىكى ئەمەتجان بىلەن قاسىم چوقۇردىن:

— ناسىر ھاجىم يەنە مەككەمۇكەررەمەدە قالدىمۇ دەيمەن، ئاڭلىسام كەئبىگە كىرىۋاپتۇدەكقۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئەمەتجان قاسىم چوقۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— دېگىنە قاسىماخۇن، ھاجىم نېمىلەرنى قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— سەن دېمەمسەن، شېرىكلىشىپ ئوقەت قىلغان سودىگەرلەر بولغانىدىكەن...

— ئەپەندىم، ھاجىم كەئبىدە قالمىدى، ئۇ ھازىر پاكىستاندا، — دېدى ئەمەتجان مازاق ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ توپتوغرى 20 تاي چىكەن، 10 تاي بورتۇمەشال بىلەن كەشمىر ياغلىق تويۇك قىلدى (پوچتىدىن سالدى)، ئۆزى بىلەن يەنە 10 تايدەك مال ئېلىپ ماڭدى!

— 1700 زىيالىدىن تۆت پىدىيون ئالغىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى قاسىممۇ قوشۇمچىلاپ.

www.uyghurkitap.com

مەن مۇسەپىلە كوچىسىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ئۇيغۇر دۇكاندارلاردىن ئەشۇنداق تاي - تاي مال ئېلىۋاتقان سودىگەرلەرنى كۆپ كۆرگەن، لېكىن ھاجىمنى كۆرمىگەنىدىم.

— نېمە، ئىشەنمەمسىز مۇئەللىم؟ — دېدى قاسىم كۈلۈپ، — ئۇ ھەممە مالنى مەككىدىن ئەمەس، مەدىنە شەھىرىدىن ئالدى. شۇ يەردىن پوچتىغا سالدى. نېمىشكە بىزدىن بالدۇر كەتتى دەمسىز؟! مۇئەللىم سىز بەكمۇ تېز كۆڭۈل - دە. ئۇ قالغان مالنى پاكىستاندىن ئالىدۇ، ئۇ شۇ تاپتا جەزمەن راۋالپىندىدىكى قەشقەر خۇۋۇزدا يېتىپ - قوپۇپ، راجى بازاردىن ئەرزان ماللارنى ئېلىپ پوچتىدىن ماڭغۇزۇش بىلەن ئاۋارە، ئۇ ھاجىم ئەمەس، سودىگەر!

— قاسىم ئۇكام، ھاجىمنىڭ يامان كېپىنى قىلمىغىنا، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىشى، بىرىنچى قېتىم ھەج قىلىپ ھاجى نامىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىم خۇدايىمدىن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلغىلى كەلگەن ئادەم. ئۇنىڭ ئاز - تولا پۇل تاپقىنىغا كەلسەك، ئۇ بۇ پۇلنى ساۋابلىق ئىشقا سەرپ قىلماقچى، ئۆزى شۇنداق دېدى ئۇكام!

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز تېزلا ئاخىرلاشتى. لېكىن مېنىڭ ھاجىم توغرىسىدىكى ئوي- خىياللىرىم ئاخىرلاشمىدى، مەن يول بويى ھاجىم توغرىسىدا ئويلاندىم: بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا ھاجىمدەك ھەم خەلقنى، ھەم خۇدانى ئالدايدىغان ساختىپەزلەرگە ئايلىنىدىغان بولسا، بىزدەكلەرنى، بولۇپمۇ ئاق كۆڭۈل، يۇۋاش- يۇمشاق ئادەملەرنى كىم ھىمايە قىلىدۇ؟ يۇۋاشلار دائىم زەربىدىن نېرى بولالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھىمايە نانىدەك زۆرۈر، بەش پەرزدەك مۇھىم، بالام!

پاكىستاندىكى ھاجىخانا ھاجىلار بىلەن تولدى. لېكىن ھازىر بۇ يەردە سوزۇلۇپ تۇرىدىغان رادىئو، يۈگۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئۇزۇن كىيىملىك مۇلازىمەتچىلەر، ئىككى دەرۋازا ئالدىدىكى ھاجىلار بازارلىرىمۇ يوق، بۇ يەر چۆلدەرىگەن. بىزنىڭ ھاجىلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز كىرىپ- چىقىپ تۇرىدىغان ماللىرىنى توشۇغۇچى كىرا ماشىنىلىرىدىن باشقا ماشىنىلارمۇ يوق.

مەن بۇ شەھەردىمۇ ناسىر ھاجىمنى تاپالمىدىم.

توۋا دېيمەن بالام، ئادەم ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىدىكەن- دە!

بىز پاكىستاندىن ماشىنىلار بىلەن يەنە يولغا چىقتۇق. مەن پوچتىدىن ئالىدىغان مېلى يوق ھاجىم بولغاچقا ئالدىدا ماڭىدىغانلار قاتارىغا قېتىلدىم. قالغانلار ماللىرىنى ساقلاپ ھاجىخانىدا قېلىشتى. بىز كۈن ئولتۇرغاندا «مىڭتېكە» ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز ئەندى بۇ يەردە بىرمۇبىر تەكشۈرۈلىمىز.

بىز ماللىرىمىز بىلەن ھويلىغا توپلاندۇق. ئۇ يەردە ئىسمىمىز چاقىرىلغاندا تەكشۈرۈش زالىغا بىرمۇبىر كىرىمىز. مەن مانا شۇ تەكشۈرۈش زالىدا ھاجىمنى كۆرۈپ قالدىم. ھاجىم پاكىستاندىن ئەرزان باھادا (جۇڭگو پۇلىغا 10- 15 يۈەن) سېتىۋالغان چەت ئەل پەلتوسى بىلەن تولىمۇ كۆركەم كۆرۈندى. ئۇ ساقىلىنى قىسقا ياسىتىپ شىلەپە كىيىپ ھەقىقىي «دىپلوماتىيە خادىمى» قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ بىر يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ، ماڭا ھومىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى:

— بار- يوقى مۇشۇ بىر چامادان، بىر سومكىمۇ؟ — تاموژنا خادىمى سىلىق، سىپايە سورىدى؛

—مال ئاز بولغىنى بىلەن ئالتۇن كۆپتەك— دېدى ھاجىم مېنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك يات ئاۋازدا سۆزلەپ،—مېنىڭ پەرزىمچە بۇ كىشىنىڭ پۇلدار ئوغۇللىرى بار، بۇ كىشى 8000 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن چەت ئەلگە ماڭغان. 2000 دوللار ھەج خىراجىتىگە كەتتى دېسەكمۇ 6000 مىڭ دوللارلىق مال ئېلىپ قايتقان گەپ. قېنى ئەپەندىم، ئالتۇن، سائەت ۋە مارجانلارنى ئۈستەلگە ئۆزلۈكىڭىزدىن قويۇڭ!

مەن چامادان، سومكامنى ئاچتىم- دە، ھەممە ئېلىمنى ئۈستەلگە يايدىم. بالىلىرىمغا ئالغان ئويۇنچاق- چۆچەك سوۋغىلاردىن باشقا ھېچنېمە چىقمىغاندىن كېيىن تاموژنا خادىمى — ياش، چىرايلىق يىگىت ھاجىمغا قاراپ ئالايدى:

—سىلى بىزگە ياردەم قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى ھاجىم، بىز كىملەرنى قانداق تەكشۈرۈشنى ئۆزىمىز بىلەتتۇق!

—ئۇنداق دېمەڭ ئوغلۇم! —دېدى ھاجىم سالماقلىق بىلەن،— مەن ھۆكۈمەت پايدىسىغا ئىش قىلىمەن، سىلەردىمۇ سىلاپ- سىپاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلار بار، ھاجىملار ئارىسىدىمۇ تۇيغۇزماي كۆزگە قۇم چاچىدىغان ساختىپەزلەر كۆپ. سىز مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسىز، مەن ھەم ھۆكۈمەتنىڭ، ھەم خەلقنىڭ ۋەكىلى!

ئۇنىڭ «ۋەكىل» بولۇۋېلىپ ھاجىلار ئىچىدىكى سودىگەرلەرنى تاموژنا خادىملىرىغا بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ، ھەسسىلەپ باج چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئەلەمدىن يىغلىغان، سارغايغان، ھوشىدىن كەتكەن چىرايلارنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغانلىقى مېنى غەزەپلەندۈردى، مېنى غەزەپلەندۈرگىنى ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالماي، مېنى «ئالتۇن سودىگىرى» دەپ تاموژنا خادىملىرىغا تونۇشتۇرغىنى بولدى؛ دېمەك، ئۇ ماڭا تۆھمەت قىلغانىكەن، باشقىلارنىمۇ تۆھمەت بىلەن زىيانغا ئۇچرىتىشى تۇرغان گەپ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، مېنىڭ ئۇيغۇرۇم بولغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىشى ماڭا بەكمۇ ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى.

باشقىلار ھاۋا يېتىشمەسلىكى، چاڭقاش، باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاغرىپ بىئارام بولۇشتى، ھەتتا ھوشىدىن كېتىشتى. مەن بولسام ھاجىمنىڭ قايغۇسىدىن بىئارام بولۇپ ئۇزۇن تۇتۇپ يېتىپلا قالدىم.

بىزنىڭ خەلقىمىز، بولۇپمۇ يۇرت چوڭلىرى يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھاجىمنىڭ يېشىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، سۆزلىرىنى تۇمار قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشىدۇ. ھاجىم بولسا بىردە تەقۋادار، بىردە بىچارە، بىردە غادايغۇچى، بىردە ئۆمىلىگۈچى، بىردە ساخاۋەتچى، كەڭ قورساق، مېھرىبان، بىردە بولسا زالىم، تۆھمەتخور، كۆڭلى قارا سۇيىقەستچى. ئۇ خۇدايىمغا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەم تۇرسا، بەندىلەرگە ئادىللىق قىلالىتتىمۇ ئەمەسمۇ؟... دەپ ئويلىساملا يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، ۋىجدانىم كۆيىدۇ. ھەي پالام، بولغان مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ جامائەت ھازىر ناسىر ھاجىمنى بېشىغا ئېلىۋالدى. ھاجىمغا ياردەم، ھاجىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەك ھازىر خەلقىم ئۈچۈن ھەج قىلغانغا ئوخشاش بىر ئۇلۇغ ئىش. مەن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى خەلقىمىزنىڭ ھېچنەرسىنى بىلمەيلا بىر ئادەمنىڭ نامى بىلەن سەللىسىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئازابلانماقتىمەن.

مىكتىپكىمدە نە ياتاق، نە ئاشخانا، نە سۇ يوق. ئەتراپتىكى تۆپىلىكلەر ئاپئاق قار. مۇز توڭلىغان تاغ سۈيىدە ئامالسىز تاھارەت ئېلىپ، دالىدا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، سوغۇق چېدىرلاردا قىستىلىشىپ ياتىمىز. ھاجىلارنىڭ تولىسى نۇرغۇن مال بىلەن چېگرىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار نۇرغۇن باج تۆلەشكەن. مەن ئۇلارنىڭ باجغا چىدىماستىن،

www.uyghurkitap.com

ھاجىمىنى قارغاشلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ ياتمەن. بولۇپمۇ ياش ھاجىلار بىلەن، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدىلىرىدا چىقىشقان ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلغان؛

— باج كادىرى بەش مىڭ كوي باج تۆلەيسەن دېسە، ناسىر ھاجى باج كادىرىغا: «سەن نېمىشقا بۇلارنىڭ ماللىرىنى ساناپ، ئۆلچەپ كۆرمەيسەن؟ سېنى يۇقىرىغا چاقىمەن» دەپ قورقىتىپ، ھەممە تاغارلىرىنى يەشكۈزدى. قاراپ تۇرۇپلا 23 مىڭ كوي تۆلەتكۈزدى. ئوغرى ھاجىم 17 مىڭ كوي زىيان سالدى!

— ماڭا 12 مىڭ كوي!

— ماڭا 35 مىڭ!

— ماڭا 12 مىڭ!

— ئۆزى قانچىلىك باج تۆلىگەندۇ ئۇ ئوغرى؟

— ئۇنىڭ خىزمىتىنى مۇكاپاتلاپ باج ئالماس بەلكى!

— تاموژنىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن جاق تويۇپتۇ!

— قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ باج ئالماس ئۇ ئوغرىدىن!

— تۆھپىسىمۇ بار، ھەيۋىسىمۇ بار، تۆھمىتىمۇ بار!

— يىغىسىمۇ، تۆۋىسىمۇ بار!

— قايتىپ ئۆيىگە بارغاندىچۇ؟

— بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ئاغزىدا ئىمان، قوينىدا زەللە، ئاغزىدا ئەپسۇن، كۆڭلىدە شەيتان!

قاسىم چوقۇر بىلەن ئەمەتجان بىردەمدىلا ناسىر ھاجىم توغرىسىدا بىر مىسرادىن شېئىر تەييارلاپتۇ، مەن لام - جىم دېمىدىم.

شۇندىن كېيىن ناسىر ھاجىمنى كۆرمىدىم. ئەتىگەنلىكى بىز قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مەن ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قەشقەردىمۇ ئۇزاق تۇرمىدىم.

ھەيۋىتىم ئاشىرلاشسۇن بالام. ھاجىم مەككىدىن بىر ئاي كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنى يۇرت - جامائەت تۆت ماشىنا بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھۆرمەت - داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى. قاسىم چوقۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ قېتىم ناھايىتى ئۇرغۇن پۇل - مال بىلەن كەپتۇ. ئوغلىغا شەھەردە، كېلىنىگە ناھىيىدە دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى ماللىرىنىڭ تولىلىقى، خىللىقى بىلەن ھەممە دۇكانلارنى بېسىپ چۈشەرمىش!

نېمە، ئەمدى ئۇ راست ھاجىم بولدىمۇ دېمەمسىنا؟ مازاق قىلىۋاتامسەن - ھە؟ دۇرۇس، مەن ھازىر «ئالتۇن سودىگەرى» دېگەن نامغا ئېرىشتىم. مېنى «سودىگەر ھاجىم»، «زەرگەر ھاجىم» دەيدىغانلار كۆپەيمەكتە. ناسىر ھاجىمنىڭ بىرىنچى تۆھپىسى مانا مۇشۇ، بالام! بۇ تۆھمەت، لېكىن، راستقا ئايلىنىدىغان تۆھمەت. بۇ نېمىشقا دېمەمسىنا؟ «ئۇلۇغ» ئادەملەرنىڭ تۆھمەتلىرى ناھايىتى ئاسانلا راستقا ئايلىنىدۇ بالام. بىزنىڭ راست گەپلىرىمىزچۇ؟ ئوخشاشلا ناھايىتى تېزلىكتە ئىغۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يولدى بالام، ھاجىم ھەققىدىكى «ئىغۋالار» نى ئاخىرلاشتۇراي، ئۇنىڭ پېشىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆمىلىشىپ يۈرگەن جامائەت بۇ ئىغۋالارنى ئاڭلىسا، مېنى ھېلىقى «ئالتۇن سودىسى» قىلغان «جىنايىتىم» بىلەن قوشۇپ جازالاپ قويىدۇ. مەن خۇدادىن قورقىمەن، جامائەتتىن، قانۇندىن قورقىمەن. مەن ھاجىمدەك ئىككىنچى قېتىم «ھەج» قىلىپ گۇناھتىن قۇتۇلالمايمەن!

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئۈرۈمچى




ئىمىن ئەھمىدى

1

قورقماي قارا پويىز دېرىزىسىدىن،
ئىل - پال كۆرۈنگىنى ساپلا قېيىنزار.
يېنىمدا ساپ ھاۋا، قۇچاقلاپ باقىمىن،
پۈرىساك گۈپۈلدەپ كېلىدۇ باھار.
ئىككى تەرەپىمگىنى تونىمۇ دېمە،
ئۇ بىزنى تاڭ پەيتى يۈركىگەن گۈگۈم.
سەل تۇرۇپ سۈيىنىمىك يۈزى نۇرانە،
كارۋانلار مەيلىگە قىلار تەبەسسۇم.
قەلەمنى كۆكتىكى يۇلتۇزغا مىلەپ،
غۇر - غۇر سالقىنلارغا مىسرا يېزىپ قوي.
تال، گويا يارىڭنىڭ چېچى، ئەركىلەپ -
ئوتلۇق لەۋلىرىڭگە تېگىدۇ خۇشخۇي.
قورقماي قارا پويىز دېرىزىسىدىن،
خىيالىڭ نۇر بولۇپ ئۇخچىسۇن يىراق.
كۆچ ئېلىپ دېيارىم قىشلاقلىرىدىن،
ياقسۇن ھەر يۈرەككە غايىۋى چىراغ.
چۈنكى بىز تونىلىنى ئەمەس، بىردەمىلىك
تۇمانىنى ئارقىدا تاشلاپ ماڭىمىز.
ھاياتىمىزلا خالاس بولۇپ ئەلەمدىن،
ئارزۇنى جەننەتكە باشلاپ ماڭىمىز.
شۇ چاغدا مەن ساڭا ئۇشبۇ سەپەرنىڭ
سىرىنى بىر - بىرلەپ قىلىمەن ئاشكار.
ئىككىمىزنى قۇتلاپ كۈتىدۇ يەرنىڭ
كۆپكۆك مايسىلىرى ھەمدە قېيىنزار.

2

قىش تېخى تۈگىمەي خوشلاشسام ئۇنىدىن،
سورىما، ماڭىدىڭ دەپ قايسى پەسىلگە.
بەختىم چىقار ئەندى ئۆيىدىن يا دۆڭىدىن،
تۈگۈش، ئىسسىقىمغا بىر ئۆزۈم ئىگە.
تەگسىز پەسىللەرنى خۇدادىن دەرسەن،
بۇ مىنۇت ھەر كىشى ئۆزىگە خۇدا.
ئەگەر بولسا قىشتىن باھار ئىزدىمەك،
بىھاجەت تىز پۈكۈپ قىلىش ئىلتىجا.
ھەقىقەت، قىش ئۆتسە ئارقىدىن باھار،
لېكىن، كۈتۈش باھار سۆيگەنلەرگە يات.
سوغۇقتا قىلغۇچە تەننى مۇنچە خار،
قىشتا ھەم ئەتكۈلۈك باھارنى ئىجاد.
خۇرسىنما ئامرىقىم خەتەر بۇ يول دەپ،
مەيلىغۇ، كۆچمە قار چۈشسە داۋاندىن.
بىلمەمسەن، ئىنك يىللىق شۈكۈر - قانائەت
نېمە سوۋغا قىلدى بىزگە زاماندىن؟
قۇلاق سال تۇپراقتا يېڭى ھاياجان،
ئىدىر چېكىسىدە پارقىراپتۇ تەر.
ناۋادا كۆكسۈڭنى كۆكسىمگە ياقساڭ،
باھار تولغىقىدا تۇرماقتا بۇ يەر.
ئاپئاق قار، كۆك مۇزنىڭ ئاستىدا بىر يول
كەل بىرگە ماڭايلى شۇ يولنى ئېچىپ.
ھايات قارامىلىقنى قىلىدۇ قوبۇل،
قۇياش ھەم كۈلىدۇ بىزگە نۇر چېچىپ.

3

قىلىيتۇرۇپ كەت ئامانىتىڭنى،
يانا ساقلاش ھاجەتسىز ماڭا.
بىر چاغ قويۇپ كەتكەن ئۇ كۆڭلۈك،
ئەسلى كېرەك ئەمەسكەن ساڭا.
ئاللىبۇرۇن ئايىنىپسەن نىگار،
كۆڭلۈك بولۇپ قاپتۇ قەلەندەر،



www.uyghurkitap.com

بۇ تەرزدە چەكمەيتتىڭ ئازاب،
ئىشقا سالساڭ ۋىجدانىڭنى ئەگەر.

4

باتۇرلۇق ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى بولدى،
بىر رەت باتۇر بولسام كەلدى بىر ئۆلۈم.
قورقاقلىق ياشاشنىڭ ئۆلكىسى بولدى،
تەگمىدى بىرمۇ ئوق، يېتمۇالسا دوم.
سۆيگۈ تارىخىغا سالمىغان نەزەر،
ھەر سۆيگۈ بىر قېتىم تاشلىدى ئوتقا.
شۇندىمۇ قېقىنۇس كەبى قېقىپ پەر،
يۈزلەندىم ياشىرىپ يېڭى ھاياتقا.
«باتۇر بىر ئۆلدۇ، قورقاق مىڭ قېتىم» -
دېگەننى يالغانغا چىقاردى چەڭلەر.
گويا لال بولغاندەك دېمىدى لام - جىم،
مېنى شۇ دەقىقە ئۆلدى دېگەنلەر.
قورقاقلار بىر نۆۋەت ئۆلدى، شۇ ئۆلۈش -
بىلەن بەردى سوڭغى ئۆلۈمگە تەن.
باتۇرغا نەچچە رەت ئۆلۈش - تىرىلىش
نېسىپ بولدى بىرلا مۇھەببەت بىلەن.
ياق، جاننى ئەزرائىل ئالالتى ھەر ئان،
ماڭا قايىلمىكىن، كەلمىدى ھەتتا.
تۇغۇلغانغا بىر يار يېڭىزۈپ پۇشمان،
بوغۇزلاپ تۇردى قايتا ۋە قايتا...
ئۆلۈم كەلسە كەلدى ۋاپاسىزلىقتىن،
ۋاپا تىرىلىشكە بولدى سەۋەبكار.
ئىشەنچ ئالداپ تۇزدى باتۇرنى دائىم،
ئىشەنچسىزلىك ئۇنى قىلدى سېتەمكار.
كۆپ ئۆلگۈنلۈم ئۈچۈن چەكمەيمەن ئەفغان،
كۆپ تىرىلگىنىم ھەم ھاياتىمنىڭ ئىشقى.
يانا ئۆلۈش ئۈچۈن تاپىمەن ئىمكان،
كۆرسىتىمدىغىنى بار قىممىتىنىڭ تېخى.
يالقۇنىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ گۈلگە،
ياراتقان ئىگەمنى ئەيلەيمەن ھەيران.
قورقاقلار قورقۇشتىن قىلىپ تەنتەنە،
تووۋا - ئىستىغپاردا بولدۇ ۋەيران.

5

قايناپ تۇرغان ياشلىق تۈگىدى بىر - بىر،
ئۇرساڭمۇ - سوقساڭمۇ چەكمىدىم پەرياد.
ۋەدەڭدىن شاد بولۇپ تىترىدىم دىر - دىر،
قىلالمىدى مېنى سىناقلار بەربات.
ھەر نە كۈلپەتلەرنى سالدىڭ بېشىمغا،
يۈرىكىمنى مۇجۇپ كۆڭلۈمنى ئۆتتۈڭ.
گاھى زەھەر قوشۇپ ئىچكەن ئېشىمغا،
ئارقىدىن تەسەللىي شارابى تۇتتۇڭ.
گۈل ئىدىم، ئېچىلىش دىلدا مۇددىئا،
تىنجىماس بوراندىن سولدى ياپرىقىم.
چەيلەپ گاھى كۈلگۈن غۇنچە بولغاندا،
دېدىڭ مېنى يەنە سۆيگىن ئامرىقىم.
سۆيسەم گۇناھ بولدى، سۆيمىسەممۇ ھەم،
سۆيدۈرۈشلىرىڭدە باشقا بىر غەرەز.
تاشلىما بىر ئۆمۈر قۇل بولاي دېسەم،
ھىيلە- نەيرەڭلىرىڭ ئۆرلىدى مىڭ كەز.
قايسى قىلغىنىڭ راست، قايسى سۆزۈڭ راست،
تۇغۇلدى قەلبىمدىن سۆيگۈگە گۇمان.
سەممىيلىك ئۆلتۈرگىلى قالدى تاس،
ئىشەنچ ئۇيۇقىدىن ئۆرلىتىپ تۇمان.
ئاشىقلىق باقىي دۇنيادىلامىكىن،
تىرىكلىكتىكىنىڭ ھەممىسى ھەۋەس!
تىرىكلىكتىكىلا بولسا بەك شېرىن،
ئۇنى تېپىش ماڭا نىچۈك مۇنچە تەس؟
ئەي سۆيگۈ پەردىسى نەدىسەن ئۈزۈك،
ئالداش- ئالدىنىشقا لايىقمۇ ئىنسان؟
ياق دېسەك، نە سەۋەب مېنىڭ بۇ سۆيگۈم
تا ھازىرغا قەدەر ھەسرەت بىلەن قان؟

6

ئېتىقادتىن ئەلا كەلگەن چاغدا جان،
نامەردلەر چەككۈزدى ئىشەنچىنى پەرياد.
قورقۇنچ، ۋەھىمە، ھەر خىل ماللىمان
قىلىپ قويدى مېنى دوستلىرىمغا يات.
قەلبىم نىداسىدىن باقتىم ئۇزاققا،
كۆرۈنمىدى بىر چاغ كۈلگەن كىيىكلەر.
كىيىك تۇگۇل تاغمۇ چۈشۈپ تۇزاققا،
قاپتۇ لالە رەڭلىك تونۇش شېھىتلەر.
مۇنداق ئايرىلىشتىن ئۆلمىدى ھېچكىم،
قان تامدى ئەقىدە كۆزىدىن گاھى.
نەپسى غالىب بولۇپ غايە- ئىستەكتىن،
نومۇسسىز ئاتالدى يارنىڭ نىگاھى.
ئانا يەر ئايرىغىم ئاستىدا جىمجىت،
بۇ مەھەل ھالىمغا پاناھلىق يولداش.
ھەر خىل رەڭدار گىياھ پۈتۈن ئەتراپىم،
ۋە داغدا ئۆرتىنىپ ياتقان تەنھا تاش.
جانسىز قەلب ئىچرە بىر نەرسە ئەزدى،
ھۆرمىتىم نۇر يەڭگىلىغ ئاقتى دىلىمدىن.
سالقىن سىنەلىرىمنى سىلىدى لەرزى،
گويا خىزىر ئۆتۈپ كەتتى يېنىمدىن.

مەيلى سەن تەختىنى ئال، بەختىمنى ياكى،
ئىشەنچنى قالدۇرۇپ كېتمۇ-رماڭا.
شۇ تۇپراق، شۇ گىياھ، شۇ تاش ھاياتى
ھامان مەلھەم مېنىڭ پۈتمەس يارامغا.

## 7

مېنىڭ ئالتۇنۇم يوق سوۋغا قىلغۇدەك،
ئالتۇن تۇتسامۇ گەر تۇرمايدۇ سەندە.
ۋە لېكىن مەڭگۈلۈك ساقلاپ يۈرگىدەك
بار ئاجايىپ قىممەت بىر نەرسە مەندە.
تاغدا بول يا باغدا ھەمراھىڭ مەڭگۈ،
خىيالىڭ ئۆيلىساڭ ئېسىڭگە چۈشەر.
لېۋىڭگە تەبەسسۇم ياماشتۇرىدۇ،
ئۇنى چۈشلىرىڭدە كۆرسەڭ تاڭ سەھەر.
يەلكەڭنى باسقاندا غەمنىڭ تاغلىرى،
شۇ ھامان ئېرىندەي قىلغىن ئىلتىجا.
ئۇ ئالدىڭدا ئەمەس كەينىڭدە ياكى،
پەقەت كۆڭلىڭدىلا بولىدۇ پەيدا.
نېمە ئۇ دەپ زىنھار ئىزتىراپ چەكمە،
سوراش ئېستىكىدە سېغىنساڭلا بەس.
بىلمىسەڭ، گۈگۈم پەيت باغنىڭ ئىچىدە
ئاڭلىساڭ بۇلبۇلنىڭ ئۈنىنى بىر پەس...

## 8

نەچچە يىل تەلپۈنگەن ئاي يۈزلۈك نىگار،
شەپە بەرمەستىنلا قېچىپسەن يىراق.
مەيلى، بەخت قۇشىنى تۇتۇشقا ھەر بار،
تەييار قەلبىم ئىچرە ئاچچىق ئىشتىياق.
چىتلىدىڭ يولۇمنى ئازغان، تىكەندىن،
تۇتار باشقىسىمۇ يۈزىڭگە پەردە.
تەلەي ماڭا ئاسمان ئۆزرە دېگەندىن،
بولدى يېتىمسىمەلا تۇغۇلغان يەردە.
پەرى بول، ئۇستۇڭدە كۈلمە قاقاھلاپ،
ماختانما يار يوق دەپ مېنىڭدىن بۆلەك.
يار دېگەن باتۇرغا جەڭدە ھەر قاچان،
ساڭىلا يارالغان ئەمەس بۇ يۈرەك.
قۇرۇق قەسىمىڭدىن بەزلەنگەن كۆڭۈل،
نادانلىق ئىلكىدىن قۇتۇلدى بۇ دەم.
قارشى قىرغاقتىكى زۇلخۇمار ئۈچۈن،
ئۇيقۇنلارنى چەيلەش ئاداققى قەسەم.
ھەر قانداق سۆيگۈنىڭ ئۆز باھارى بار،
بۈگۈن قان ئاققان جاي ئەتە گۈلىستان.
مېنى جان بالام دەپ تۇغقان بۇ دىيار،
قوشۇپ بەرگەن ماڭا سۆيگۈدىن داستان

## 9

راھەتنىڭ ھەممىسى شەھەردە ئەمەس،
جاپانىڭ ھەممىسى سەپەردە ئەمەس.
لەززەتنىڭ ھەممىسى سەھەردە ئەمەس،
ئاچچىقنىڭ ھەممىسى زەھەردە ئەمەس.

## 10

مۇنچە گۇمان ئارا سۆيگەندىن كۆرە،
قولۇڭنى يۇغىن-دە، تاشلىۋەت يىراق.
شۇ چاغ كۆرۈنمەيمەن ھەرگىز كۆزۈڭگە،
كۆڭلۈممۇ ئەلەمدىن بولىدۇ يىراق.
مۇھەببەت ئەركىن قۇش، ئۇنى قەپەزدە
قىلىپ بۇلبۇل، تورغاي سايراتمىقىڭ ئەبەس.
قورقىماي ئۆز ھالىغا قويساڭ ئەگەردە،
ئاقىۋەت بىر ساڭا باقىدۇ ئۇ، بەس.
مەيلى ئەمدى مېنى قىلما شەخسىي مۈلۈك،
ئاز كەلدى ئەككىمىز ئۈچۈن بىر ئىشەنچ.
سۆيگۈ كۆتەرمەيدۇ خاپىلىقتىن يۈك،
مەن جاندىن كېچەي، سەن مۇھەببەتتىن كەچ...

1988 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى





# روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

مۇھەررىردىن: روھىيىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى داۋالاش — مەدەنىيەت تەربىيىسىدىكى ئاساسلىق خىزمەت. سان-ساناقسىز تەجرىبىلەر تەكرار ئىسپاتلىدىكى: پۈتۈن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى يەنىلا ئىنساننىڭ روھىيەت تۈزۈلۈشىنى قايتا قۇرۇش ۋە زامانىۋى، سوتسىيالىستىك، ساغلام يېڭى ھالەتتىكى روھىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ — ئۇزۇن دەۋردە مىللەتنىڭ چوڭقۇر پسىخىك ۋە ئادەت كۈچى قاتلاملىرىغا چۆكۈپ قالغان، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا پېتىچە بۇزۇلماي ئۆتۈپ مىللەتنىڭ قەلبى ۋە پائالىيىتىنى بۇلغايدىغان، مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىك پەزىلەتلىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك زىت بولغان بولمىغۇر روھىي ئىللەتلەرنى تازىلاشنى مۇقەددىمە قىلغان. بۇ — زاماننىڭ تەلىپى، مىللەتنى زامان بىلەن بىللە مەڭگۈ يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تەلىپى، ھەقىقىي ۋىجداننىڭ تەقەززاسى!

بىز بۇ ساندا روھىيىتىمىزدىكى ھەسەتخورلۇق، ساختا شۆھرەت، يۇرتۋازلىق، ھەشەمەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىدلەنگەن بىر يۈرۈش ماقالىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ ماقالىلەر ئاساسەن زىيارەت ۋە تەكلىپ بويىچە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. ئاپتور بۇ ماقالىلەردە تىلغا ئالغان ھەممە مەسىلىلەر، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئاق نىيەت كىشىلەر ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر. بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىمىزنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ داۋاملىق ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇھاكىمە

# ھەسەتخورلۇق — مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھىي ئىللەت

«نادانلىقتىن ئۈچ يېغىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇلار: قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت.»

— شوپېنخائۇئېر

نادانلىقنىڭ مەدەنىيەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان. نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت: بۇنىڭ بىرى، مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) تىن ئىلگىرىكى نادانلىق (ۋارۋارلىق)، ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق؛ قىيپالىڭاچ نادانلىق. بۇنىڭ ئىككىنچىسى، بېكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق، ساختا شۆھرەت بىلەن كىيىندۈرۈلگەن نادانلىق، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق.

ئەقىلنى رەت قىلىش (ئىررائىسىئونالىلىق) بۇ ئىككى خىل نادانلىقنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ۋەھالەنكى، ئەقىل، پەقەتلا ئەقىل ئىنساننىڭ غەيرىي ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان. ئەقىلنى رەت قىلغان، نادانلىققا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش، پارچىلىنىش، توزۇپ كېتىشتىن ئىبارەت «ھالاكەت تىرىلو-گىيەسى» نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇق روھىي كېسەللىكى سىڭگەن.

ھەسەتخورلۇقنىڭ بىز تونۇپ يەتكەن «كۆرۈنۈش» لىرى مۇنداق:

بىرىنچى: «قارانىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك» ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، بىلىمنى قەلبى كۈرسى ۋە كامالەت كۈرسىغا يەتكۈزمىگەن ھەسەتخور «ئۆلىما - زىيالىي» لار ئۆز مىللىتىدىن ھەقىقىي تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئابدۇقادىر بېدىل ھەسەتخورنىڭ قارانىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق سۆككەن:

«دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا، تورۇسقا ئېسىپ كۆر ئايپاق پاختىنى،
دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا. جېمى ئىس چاپلىشار شۇ ئاق پاختىغا»

سەئدى شىرازى ھەسەتخورلۇقتىكى قارانىيەتنىڭ قولى قىسقا، ئىرىشماس، قابىلىيەتسىز نامەرد ئادەملەر قەلبىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق پاش قىلغان:

«قولى قىسقا ھەسەتخور قىلار غەيۋەت، بوق ئامال،
ئەگەر ئۇدۇل يولۇقسا ئۇ بولۇر تىلى كالۋا - لال.»

ھەم قولى قىسقا - ناقابىل ھەم قارانىيەت - غەيۋەتخور بولۇش بىر خىل زىددىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ ئىبلىس تەسۋىرگە ئوخشايدۇ. ناقابىل ئىكەن قابىل بولۇش، قابىل بولالمىسا قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نورمال روھىي ھالەتنىڭ زىددىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى: «ئۆزگىنى كەمسىتىپ، ئۆز شەخسىنى ئېگىز كۆتۈرۈش» ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ نادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، قانچە كىتاب يېزىلىپ، قانچە كەشپىياتنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى

بىلەن كارى بولماي، ئۆز مىللىتىدە بىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا «يۈرىكى يارا، يۈزى قارا» بولۇپ كېتىشىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرىدا مىللىتىمىزدىكى مۇنداق ئىللەتنى سۆكۈپ:

«تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىققانىمىز باردۇر.»
«قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى ئۇڭا بوھتانىمىز باردۇر»

دەپ يازغانىدى.

ھەسەتخورلارنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچرىغان بەختسىزلىكنى «ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپ» (بىلىمىسكى) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن، «سۇنغان ئاقۇەكلەر»چە ئەسەبىي قىساسكارلىق يىپىنىڭ كېيىنلىكى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئورنىنى كولاپ، شېخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن «قەھرىمان»لىق مۇنبىرىگە چىقىشنى قەستلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەزسالىق بىلەن تەنھا ياكى تۈركۈم بويىچە ئىپىپ بېرىلىدۇ. بۇنى «قىساسكارلارچە ھەسەتخورلۇق» دېگەن نام ئاستىدا ئەيىبلەش لازىم. كامالىددىن بىنائىي:

«ھەسەت ھەممە ئىللەت، نۇقساندىن يامان،
ھەسەت ئەھلى بارچە ياماندىن يامان»

دېسە، ناسىر خىسراۋ مۇنداق يازغانىدى:

«بېرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار،
ھەسەتنىڭ چېكى يوق، تۈگەنچى مىقدار.»

ئۈچىنچى: «پىتنە تۇغدۇرۇپ، تۆھمەت قىلىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چېلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇقنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇنى ئۇلار جىنايى تىل بىلەن «سېسىتىش» دەپ ئاتىشىدۇ. تۇرمۇشنى ئالدىغىلى، خەلقنى يوقۇن بىر تارىخ جەريانىدا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ. «سېسىتقۇچىلارنىڭ سېسىپ كېتىشى» مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت. مانابۇ — تارىخنىڭ نۇرانە يۈنىلىشى. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەكرىمۇ بولمىغان، ھەقىقەتمۇ بولمىغان، تارىخمۇ بولمىغان، ئىستىقبالمۇ بولمىغان، ئىشەنچ ۋە ئالىي ھىممەتمۇ بولمىغان بولاتتىمۇ؟!

بىزنىڭ ھەسەتخور پىتنە - تۆھمەتچىلىرىمىز «ئاقنى قارا قىلىش»، «ئۆزى گۇناھ قىلىپ، باشقىنى گۇناھكار كۆرسىتىش»، «ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىراش»، «باشقىلار نامىدا قارا خەت يېزىش»، «بىر ئادەمگە ئىككى خىل تون كەيگۈزۈش»، «كېچىسى ئادەم

ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى ھازىدار بولۇش» قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى بۇيرىدۇ. باشقىلار نامىدا خەت يازغانلار ئىچىدە ئايال كىشى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ خەت يېزىش، تۆۋەننى قۇترىتىپ قويۇپ ئۆزى قازى بولۇۋېلىش، ئۆلتۈرۈش - سورۇنلاردا ئاشكارا پىتنە ئويۇشتۇرۇش، پىتنە - ئىغۋانى چەت ئەلگە كېڭەيتىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ مىللىتىمىز ئىچىدىبۇ جەھەتتىكى «ماھارەت»نىڭ دۇنياۋى سەۋىيىگە يارىتالىغىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم.

تۆتىنچى: «گورۇھۋازلىق قىلىپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ، ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان، باشقىلارنىمۇ كۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ، ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ، چاياندىن يەل پەيدا قىلىشقا ماھىر بولۇشىدۇ. ئۇلار مەلۇم ھوقۇق ياكى تەسىر كۈچى بولمىسا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن تۈركۈملىشىدىغان بولدى. ئەمما بۇ تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ھەسەتخور ئەزاسى ھەمىشە ئۆز تۈركۈمىدىن يۈز ئۆرۈشكە تەييار، بىۋاپا كىشىلەردىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق گۇرۇھلىرى ئىككى شەرت ئاستىدا، يەنى قۇدرەتلىك مۇخالىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قۇللارچە دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋەت تەرتىپى بويىچىلا ساقلىنىپ تۇرۇش مۇمكىن. ھاپىز شىرازى مۇنداق دېگەنىدى.

«كەت يامانلار سۆھبىتىدىن ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام،
بەدنىيەتلىك ئول ئەقىلسىزلىقا ئىسپاتتۇر تامام.»

بەشىنچى: «خەلقنى پارچىلاش، مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانى ۋە تارىخىي جىنايىتىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق شۇنداق كېسەلكى، بىرىنچىدىن، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، ئىككىنچىدىن، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابرويى - نوپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ. ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، تىلى، قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغانچىقا، تېنىدىكى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ روھىي كېسەللىكى جىسمانىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا «جەڭگاھ» ئىچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر. ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت. قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ، بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نېمە؟ روشەنكى، تىلنى تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللىي ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەۋرىنىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس. گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتكە يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللىي روھىيەت لازىم. بۇ - مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان روھىي ئېتىقاد، مىللىي ئەنئەنە، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنداق بىناكارلىقنى

www.uyghurkitap.com

بۇزۇشتىن ھالاكەت، تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئاددىي، ئەمما بىزدە ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت. مەنىۋى قەھرىمانلىق ۋە ھايۋى يوللاشچىلىق ئېگىزلىكىدە تۇرالايدىغان خەلقىمىزنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن بەنت بولۇشىنىڭ تەكتىدە تارىخ بىزنى پەچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۈل ئەمەسقۇ!

گېرتسىن: «ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىكنىڭ ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر» دېگەنىدى. ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب. مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جان پىداكارلىق قىلىدۇ.

ھەسەتخورلۇق (رەشىك - خۇسۇمەت) نىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەرلىك خاراكتېرى يېتىشتۈرىدىغان شۇئۇرغان سىنىقى! ھېراكلىت توغرا ئېيتىدۇ: «ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن رەشىك قىلىشىدۇكى، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ تۇرغۇن!»

1989 - يىل 20 - فېۋرال .

## ساختا شۆھرەت — پۇچەك قەلبنىڭ يالتىراق سۆلىتى

«پارقىراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن بولۇۋەرمەيدۇ.»

— شېكىسپىر

نادانلىقتا قالغان كىشىلەردىكى زىددىيەتچان روھىي كېسەللىكنىڭ يەنە بىرى — ئەسلىدىكى نومۇس قىلغۇدەك پۇچەك ۋە ئىقتىدارسىز قەلبىنى ئەكسى ھالدا ساختا شۆھرەت بىلەن نىقابلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ساختا شۆھرەت ھەقىقىي ئىجتىمائىي شۆھرەت ۋە ھەقىقىي ۋىجدانىي ئېتىبار بولماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، جامائەتچىلىكنىمۇ، ئۆز - ئۆزىنىمۇ ئالداپ، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان «كۆلكىلىك ئەينەك» تىكى ساختا كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداق غەيلەن ئۇيقۇسىدىكى چۈشكە شەكىلدىكى نادانلىقنى ھادىسىسىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇنىڭ قارانىيەت، خەسەت، سۈيقەست ۋە مىللىي ھالاكەتنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيىدىغان بارلىق پەسەبەيلىكلىرىنى «مىللەتتىكى روھىي كېسەللىك» سۈپىتىدە مىللەت گەۋدىسىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئىرغىتىپ تاشلاش لازىم!

ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە خاتا تۇيغۇ، خاتا قىياستا بولغان مەغرۇر قەلب ئىگىلىرى ساختا شۆھرەتچىلىكنىڭ «قەھرىمانلىرى»، ئۇنىڭ «قۇربانلىرى» بولۇشتەك كۈلكىلىك ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولۇشىدۇ. ساختا شۆھرەتچىلىكنىڭ قانۇنىيىتى «ئىشنى ساختىلىق قىلىشتىن باشلاپ، شەرمەندىچىلىك بىلەن ئاخىرلىشىش» دىن ئىبارەت.

«ئۆزىگە ئارتۇقچە تەمەننا قويۇۋېتىش» ساختا شۆھرەتنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، ئادەمدە ئۆز - ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئەھۋالىغا نىسبەتەن تۇيغۇ ۋە قىياس بولىدۇ، ئۆز قەلبىدە ئۆز ئوبرازى، ئۆز ئىقتىدارى، ئۆز سالاھىيىتى ھەققىدە ئۆزى ماقۇل كەلگەن ھېس بولىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزىدىن قالتىس راق، ئۆزگىلەرنى بولسا ئۆزىدىن كەمسىتىرەك مۆلچەرلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇنىڭغا ماسلاشتۇرغان «ئۆزىنى

كۆپتۈرۈپ ئۆزگىنى چوكتۇرىدىغان» گەپ ۋە ئادەملەرنى ياراتمىدۇ، ئۇنداق ئەمەسلەرنى «تۇتۇرۇقسىز»، «گال»، «ئەقلىم» بىر نېمىلەر دەپ ياراتمايدۇ. ئۇلار ئۆزى سىزدۇرالغان ئوبراز بويىچە باشقا ئوبراز ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگە سالام بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بولمىسا رەنجىپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئۆز ئوبرازلىرىدىن چوڭراق ئوبرازلارنىڭ ئېگىلىپ سالام بېرىشىدىن روھلىنىپ كېتىپ، دەرھال ئۆز ئوبرازىنىمۇ چوڭايتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىرقاتار خىراجەتلەر بىلەن رودىي ھەيكەل «ئوبرازلار بۇتخانىسى» ياساپ كۆرىدۇ. ئالتۇن ھەل يالاتقان ئوبراز ياكى ھەيكەل تەسەۋۋۇرى ئۇلار ئۈچۈن قوغلىشىپ يۈرگەن ئىستەك. ئۇلار مەغرۇرلۇقنى خالايدۇ، ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى ھەقىقىي ئىپتىخار ئەمەس، ئۆز قەلبىدىكى غورۇر ئەمەس، بەلكى «باشقىلارنىڭ بىلمەي قالماسلىقى» دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز مېلىغا، ئۆز ئوبرازىغا ئۆزى داغ چېلىپ ئۆزى ماختاش ئىللىتىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت.

«ئۇيالماسلىق، نومۇس سەزگۈسىدىن مەھرۇم بولۇش» ساختا شۆھرەتنىڭ باش كۆتۈرگەن شەكلى. ئىنسان ئۈچۈن ئەستايىدىللىق، چىنلىق ھەممىدىن قىممەتلىك، بولۇپمۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگىلا ئەمەس، يەنە ئۆز سۇبيېكتىغا بولغان ئەستايىدىللىق، چىنلىق بىباھا پەزىلەت. ئەستايىدىللىق، چىنلىق ئاساس قىلىنغان ئىپتىخار يوللۇق، ئىجابىي ئىپتىخار بولسا، ئۇنىڭ ئەكسى شەكلى ساختا شۆھرەت بولىدۇ. نومۇس — ئۆز - ئۆزىگە چىن مۇئامىلىدىن تۇغۇلغان ئىقرار ۋە ئىجابىي ئۇياتتىن ئىبارەت. كۇڭزى: «نومۇس قىلىشنى بىلگەن باتۇر» دېسە، ماركس: «نومۇس قىلىش بىر خىل ئىنقىلاب، ئۆز ئىچىگە قارىتىلغان غەزەپ» دېگەن ئىدى.

نومۇس سەزگۈسىنىڭ بولماسلىقى ۋىجداننىڭ قاتماللىقى، روھىيەت تېنىقىنىڭ ئۈزۈلگىنىدۇر. مىللەت ھالى بىلەن كارى بولماسلىق، مىللىي مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشنى ھار كۆرۈش، باشقىلار گۈللىرىنىڭ گۈزەل ۋە خۇش پۇرىقىنى ئىنكار قىلىش، كۆز يۇمۇۋېلىش، سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش، ئۇنى قارىلاش كاۋىكىنى مارلاپ يېتىش، ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلانسا يايراپ كېتىش — بىزدە ئۇچراپ تۇرىدىغان مەنىۋى ئىللەت. بۇ ئىللەت ساقلىنىپ تۇرسا، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگەن ۋىجدان ئاللىقاچان ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان «ۋىجدان» دىن ئىبارەت.

نومۇس — ۋىجداننىڭ ئىقرارى ۋە دەۋىتىدىن بارلىققا كېلىدىغان ئەخلاقىي تونۇش. مۇنداق تونۇشنى يوقاتقان كىشىلا، ئەيمەنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. بۇ — نومۇستىن مەھرۇملۇق — نومۇسسىزلىقنىڭ تۇغۇلغانلىقى.

«ماختانچاقلىق، لاپچىلىق» ساختا شۆھرەتنىڭ يىرگىنچلىك پائالىيەت ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت. قەدىمكى گرېك مەسەلچىسى ئېزوپ «شۆھرەتپەرەس ئۆز رەزىللىكىنى ماختانچاقلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ماختانچاقلىق — ئۆزىنى ئۆزى كىشىلەر ئالدىدا ئۆز تىلى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ماختاش ھەم رەزىللىك، ھەم مەسخىرىلىك ئەھۋال. ئۇنىڭ تەسكەي شەكلى — باشقىلارنى ئۆزىگە نىسبەتەن سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماختانماق، لاپ ئۇرماق قارانىيەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسى ئېھتىياجى بىلەن بىرلىشىش شەكلىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ماختانماق، لاپ ئۇرماق نادانلىق

www.uyghurkitap.com

ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىكى يەنە بىر ئېچىنىشلىق زىددىيەتلىك روھىي كېسەللىك. ئۆگەنمەي بىلىمەن دېيىش، بېكىنمىلىك ھالەتتە تۇرۇپ ئالەم ھەققىدەلاپ ئۇرۇش، ئارقىدا قالغان تۇرۇپ تىرىشماسلىق، نامرات ھالەتتە تۇرۇپ ھورۇنلۇق قىلىش، قورۇق قول تۇرۇپ «ئۆزىدىن چاغلىماي شىلتاڭ ئېتىش» زىددىيەتلىك روھىي كېسەللىك بولماي نېمە؟ ئەگەر «دۇنيا لاپ بىلەن، تۇرمۇش تەييار تاپ بىلەن، ئۆمۈر ھەرباپ بىلەن» بىر ياقىلىق قىلىۋېتىلىدىغان بولسا، يەنە نېمە ئەجرى — ئەمگەك؟!

ئەمەلىيەتتە، ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئالمقاپلىقنىڭ بىر شەكلى بولغان لاپخورلۇق تازىلانمىسا، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى سېلىشتۇرۇپ بىلمىدىغان، دۇنياغا نەزەر سالمىدىغان يېڭى مىللىي روھىي ئويغىنىش مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

«ئالدامچىلىق، كازىزاپلىق» ساختا شۆھرەتنىڭ ئەجەللىك يېرى. «ساختا شۆھرەت» ئىككى ئىبارىدىن — «ساختىلىق» بىلەن «شۆھرەت» تىن تۈزۈلگەنلىكىدىنلا ئۇنىڭ بىر — بىرىنى كازىزاپلىق بىلەن ئالداپ تۇرغان قۇرۇلمىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بىر تەرەپتىن «شۆھرەت» لازىم، ئەمما ئۇ يوق. يەنە بىر تەرەپتىن پۇچەكلىك مەۋجۇت، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ بىزارلىقىنى قوزغايدۇ. قانداق قىلىش لازىم؟ پۇچەكلىكنى شۆھرەتلىك تونۇسكە كىرگۈزۈپ، ئۆز كۆڭلىنى بەزلەپ، باشقىلار نەزىرىنى ئالداش كېرەك. مانا بۇ «ساختا شۆھرەت» سېھىرگەرلىكىنىڭ قۇرۇلما مەقسىتى، تەركىبى ۋە تۈزۈلمە شەكلى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىللەتتىن زار قاخشاپ مۇنداق يازغان:

«بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنمايمىز،
قېلىپ غەپلەتتە كۆز يۇمۇپ يو كۆپ ئاتقانىمىز باردۇر.»
«خۇشامەت بابىدا بىزدەك يەنە بىر ئۇستىمىسى يوقتۇر،
قىلار شۇملۇق ۋە قۇۋلۇق رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.»

خۇشامەتچىلىك بىلەن تەھدىت سېلىش ساختا شۆھرەت كازىزاپلىقىدىكى قوشكېزەك ئىككى ھىيلە. خۇشامەت روھىي قۇللۇق بولسا، تەھدىت روھىي قاراقچىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئورۇن ئالماشتۇرالايدىغان ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت. روشەنكى، ئالدامچىلىق ساختىلىقنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەھسۇلى. ئىنساننىڭ ھاياتلىقى مۇتلەق ۋە چەكسىز دۇنيادىن ئاردىيەت ئېلىنغاندەك، ئىنساننىڭ ماددىي مەنىشىتى ۋە بايلىقىمۇ دۇنيادىن ئاردىيەت ئېلىنغان. ھېچكىم ئۇنى مۇتلەق ئېلىپ كەلمىگەن ۋە ھېچكىم ئۇنى مۇتلەق ئېلىپ كەتمەيدۇ. دۇنياغا ساختىپەزلىك سىڭمەيدۇ. دۇنيانى ئوغرىلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. كازىزاپلىق پەقەت ئۆز ھالاللىقىنى ئۆزى ئوغرىلىغان، نابۇت قىلغان، پۇشايمان ئارىلىغا باشلايدىغان ئاچچىق كېچمەكسىز، ئاقىل كىشىلەر، ئادىل كىشىلەر، قابىل كىشىلەر قانچە «ھاماقەت» كۆرۈنسىمۇ ئاقىۋەت بۇ خىل كازىزاپلىقنىڭ ھەسرەت — زارىنى نەپرەت ۋە مەسخىرە ئىچىدە ئاڭلايدۇ.

«شەرمەندە بولماق» — ساختا شۆھرەتنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر — ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. ساختىلىق نە پاش بولۇشقا، ئاشكارىلىنىشقا مەھكۇم بولغان نىقاب! ئۇ بەرىبىر يىرتىلىپ، پۇچەكنى قىپيالىڭاچلاپ، ئاچچىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. مەڭگۈ

بۇزۇلمايدىغان ساختا نىقاب بۇرۇنمۇ بولمىغان، كەلگۈسىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

شەرمەندىلىكنىمۇ «دۇنيالىماسلىق»، ئۇنىڭغا چىققان كاززاپ ۋە ساختا شۆھرەتچىنىڭ ئىچىمۇ زور شەرمەندىلىك يولىغا ماڭغان تەرسا قەلبىنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىچىمۇ شەرمەندىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ساختا شۆھرەت يولىغا كۈچ سەرپ قىلغان ھاماقەتلىك، ئەقىل يولىغا قەدەم قويغان ئەۋزەل.

چوقۇيدۇ ئەقىلنىڭ كۆزىنى ھەۋەس، ئەي، دانا نەزەر سال ئەقلىي ئەماغا،
چوقۇلغان ئەقىلنىڭ مەرتىۋىسى پەس. ئەقىلسىز ھەۋەستىن ئۇنى باسمىش نەس!

ساختا شۆھرەت تىرىكلىكتە جامائەتچىلىك ئالدىدا، ئۆلگەندە ئەرۋاھلار قاتارىدا ھەممىشە قارىلىنىدىغان روھىي ئىللەت. شان - شەرەپ تەنتەنىلىرىدە مۇنداق پەسكەش روھىيەت باش كۆتۈرىدىغان بوشلۇق، ئاياغ باسىدىغان ئورۇن يوق! ئۇنىڭ تازىلىنىشى — مىللەتنى لايغەزەللىك، مەنمەنلىك، تەييارتاپلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ئىللەتلىرىنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلاپ، قابىل - قەيسەر روھىي كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشىدە شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

1989- يىل، 21- فېۋرال

## مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋازلىققا يەملىكى

«بىز ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيىمىز. بۇ — ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ مەنبەسى.»
— جۇئېنلەي

بىرلىك - ھەمدەملىك — مىللەتنىڭ ھاياتلىق ئالامىتىدىن ئىبارەت. جانلىق تەبىئەت ئۇنى كۆرسەتمەكى، غەيرىي ئاڭ ئىلكىدىكى ئىنىستىنكىتلىق تۈركۈم تۈزۈلمىسى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغان ھايۋانلار ھاياتىدىمۇ مۇھىم ھادىسە ھېسابلىنىدىكەن، ئۆز تۈركۈمىدىن ئايرىلىش — ھالاكەت!

مىللەتنى تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي ئېتنىك تۇرمۇش ۋە روھىي بىرلىك ئامىللىرى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرىدۇ. مىللەتمۇ مەركەزگە ئىنتىلگۈچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچتىن تەشكىل تاپقان تارىخىي، ئېتنىك قۇرۇلما. قۇرۇلما بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچ ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچ دەرىجىدە تۇرغانلىقى مەسىلىسى بولىدۇ. پىفاگورنىڭ «ئالەمنىڭ ئاساسىي مىقدار، ھەممىدە مىقدار مۇناسىۋىتى ۋە مىقدار نىسبىتى بولىدۇ» دېگەن قائىدىسىنى مىللەتتىن ئىبارەت بۇ قۇرۇلمىغا، ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچ دەرىجىسىگە تەدبىق قىلىش مۇمكىن.

مىللەت ئۆزىگە خاس بىرلىك ئالامەتلىرى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا كونا ئەۋلاد ئورنىغا يېڭى ئەۋلاد، كونا مەدەنىيەت ئورنىغا يېڭى مەدەنىيەت، كونا تۇرمۇش ئورنىغا يېڭى تۇرمۇشنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا تۇرىدۇ. بۇ — ماھىيەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەركىبلەر بويىچە قايتا ئۇيۇشۇش جەريانىدىن ئىبارەت. ئائىلە، مەھەللە، يۇرت، روھىي يېتەكچىلەر (كاھىنلار، مۇتەپەككۇرلار)، سىياسىي ئەربابلار، مىللىي قەھرىمانلار، غايىۋىي ئوبرازلار، سودا - سانائەتچىلەر، تەلىم - تەربىيىچىلەر، ئەدىبلەر،

مىللەتنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئاساسىي مەنبە، ئېقىم، تارماق ۋە ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى بىرىدە مىللەتنى پارچىلايدىغان، مىللەتنى روھىي جەھەتتە توزۇتىدىغان، پۇچۇلدۇرىدىغان ئىللەت تۇغۇلسا، ئۇ ئۆز رولىنى تەتۈر ئويناشقا باشلىغان، بۇزۇلغان بولىدۇ. بۇ تولىمۇ ئاددىي، ھەممە چۈشىنەلەيدىغان ساۋات.

ئەمما، مۇشۇ ئاددىي، ئەمما ئاساسىي ھايات ھالقىسىغا زىت يۇرتۋازلىق «ئالدىنقى ئېگىسى»، ھەتتا ئاشكارا يۇرتۋازلىق ئىدىيەۋى ئېگىمىنى بازارغا سېلىپ، يۇرتۋاللىق «مۇھەببەت - نەپرەت» پىسخولوگىيىسىنى تارقىتىپ كەلگەن «مىللىي قەھرىمان»لارمۇ يوق ئەمەس!

نادانلىق ئاساراتىدىكى كىشىلەردە ھەقىقىي يىراقنى كۆرەر كىشىلەرنى رەشك - ھەسەت ئوقلىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىك كۈچىنى پارچىلايدىغان «قەھرىمان»لار پات - پات مۇنبەرگە چىقىپ قالىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك مۇخلىسلىرى ياكى ياۋايى تۈتىم قەبىلىلىرى باخشىلىرى ئۆز تۈركۈمىدە «مۇئەككەل» كۆرۈنگىنىدەك، ئۇلارنىڭ خېلى سورۇن - شازۇناۋۇق توپلىرى قىمىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ. سېھىرلىك يېرى شۇكى، ئۇلارمۇ «مىللەت» بايرىقىنى ئۆز ھاسىلىرىغا ئىلىۋېلىشقان.

دېھقانلار ئارىسىدا سۇ ئېقىمىنى، چارۋىچىلاردا يايلاق - جىلغىلارنى، دىندار شەيخۇل ئىسلاملاردا مەزھەبىنى دەستەك قىلىپ ئەسىرلەر بويى داۋام قىلغان، نەتىجىدە مىللەتنى نادان، نامرات ۋە ۋەيجىك قىلىپ قويغان «تۈركە»، «تۈركۈمگە» ئايرىغۇچىلارنىڭ ئىزىدىن ئىلى - قەشقەر، ئۇيغۇر - تارانچى ئېقىمى گەۋدە قىلىنغان چوڭ - كىچىك يۇرتۋازلىق خاھىشلىرى مىللەت گەۋدىسىنى يىتاپ قىلىپ كەلدى. مۇشۇ ئەھۋالدا تولىمۇ ھېرىسمەن بولغان «ئۆز يۇرت بالىسى» دېگەنلەر، مىللەت ئالدىدا خىجىل بولۇشنىڭ ئورنىدا، يۇرتۋازلىققا ئېچىل بولۇپ ياشاشنى لەززەتلىك ھايات پەلسەپىسى قىلىشىۋالغان. قانچە - قانچە نادىر چېچەكلەرنى قارىلىغان، قانچە - قانچە سەرخىل ئۈنچىلەرنى چەيلەپ دەپسەندە قىلغان، دىلى يۇرتۋازلىق زەھىرى، تىلى يۇرتۋازلىق نەشتىرى، قەلىمى يۇرتۋازلىق خەنجىرى بىلەن گۇناھ قىلغانلار ئانا مىللەت، ئانا ۋەتەنگە قانداق تىكىلىپ قارىيالىسۇن؟! يۇرتۋازلارغا يۇرت بېرىشنىڭ ئۆزى بىزدىكى نادانلىق ئەمەسمۇ؟! ئۆزلىرىچە، مىللەتنى يۇرتلارغا پارچىلاپ، «ياقا يۇرت» نىڭ مېۋىسىنى تېتىپ، «ياقا يۇرت» نىڭ ئىغۋاسىنى سېتىپ قىلغان تېتىقسىزلىقلارنى قايتا ئويلىنىدىغان، ئۇنىڭغا بەرھەم بېرىدىغان ئالقاچان ئۆزىنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىك نۇرىنى جىلۋىلەندۈرەر؟!

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىچكى بىرلىك - ھەمدەملىكى بولمىغان مىللەت ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئاڭدىن — سۇبيېكت ئاڭدىن مەھرۇم مىللەت، ئۆز ئىللەتلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تازىلاپ تارىخ سەھنىسىدە تېز ئىلگىرىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم مىللەت، رىقابەتكە تولغان يېڭى زاماندا زامانغا لايىق جاسارەتتىن مەھرۇم مىللەت، جۈملىدىن باشقا مىللەت خەلقى بىلەن ھەقىقىي ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاق ئىلگىرىلەش ئارزۇسىغا كېلىشتىن يىراقتا تۇرغان مىللەتتۇر. تەرەققىيات ۋە

ئىنتېرناتسىئونالىزم پرىنسىپلىرى مۇنداق ئىللەتنى ئەيىبلەيدۇ.

يۇرت - ماكان، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا ياشىغان ئادەمگە تونۇشلۇق بولىدۇ. بالىلىق ۋە ياشلىقنىڭ ئۇرغۇن گۈزەل، ئاقكۆڭۈل خاتىرىلىرى شۇ يۇرت - مەھەللە بىلەن ئۇتاشقان. ئەمما، بۇ ھېسسىيات ھادىسىسى يۇرتۋازلىق ئىدىئولوگىيىسى ۋە تەشەببۇسلىرىغا كۆتۈرۈلمەسلىكى، «ماكرو گىتلېرچىلىق» — يۇرت- مەھەللىگە كىچىكلىتىلگەن «شوۋىنىزم»، «ناتسىسلىق» بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

يۇرتۋازلىقنى ئۆزىنى كەۋدىلەندۈرۈش قورالى قىلىش، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش قورالى قىلىش، گۇرۇھ توپلاش قورالى قىلىش ماھىيەتتە ئۆز يۇرتىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇرتۋازلىق يۇرتتىن ئېرىغدالمىسا يۇرت گۈللىمەيدۇ. دۇنيا يۈزلىنىۋاتقان ئىنفورماتسىيە دەۋرىدە يۇرتۋازلىق مىللەتنى ھالاكەت ھەلقىسىگە ئېلىپ بارىدىغان بىرلەشمە كېسەل، خالاس.

1989 - يىل، 22 - فېۋرال

## ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب - غۇرۋالىق

«مەن ئەزەلدىن راھەت - پاراغەتنى چوشقىنىڭ غايىسى دەپ قارايمەن.»

— ئېينىشتېين

«چوشقا يۈندا پاتقىقىدا ھوزۇرلىنىدۇ.»

— دېموكرىت

نادانلىق ئىلكىدە ياتقان كىشىلەردىكى زىددىيەتچان يەنە بىر روھىي كېسەللىك - ھەشەمەتچىلىك بىلەن غېرىب - غۇرۋالىقنىڭ بىللىلىكىدىن ئىبارەت. بۇ — روھىي ساغلام بولمىغان بىمارنىڭ يىغا ئىچىدە كۈلۈۋاتقان ياكى كۈلكە ئىچىدە يىغلاۋاتقان زاغۇن ھېسسىياتلىرىغا ئوخشاپ كەتكەن.

ئېيتىش كېرەككى، بەخت - سائادەت ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئومۇمىي ئىستەك. بەخت - سائادەت چۈشەنچىسىمۇ كۆپ قاتلاملىق، ھەرخىل چۈشەنچە. شۇنىسى روشەنكى، بەخت - سائادەت ئىجتىمائىي نەرسە، جەمئىيەتتە بەخت - سائادەت بەرقارار بولماي تۇرۇپ، ئائىلىدە ئۇنىڭ ھالاللىقى، ئوچۇق - يورۇقلۇقى، خاتىرجەملىكى، ئىزچىللىقى، مەدەنىيەتلىكلىكى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

تۇرمۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، پاراغەتلىك چۈشەكەش، يەنە بىرى، جاپالىق كۈرەش؛ پەقەت جاپالىق كۈرەشلا ھەقىقىي تۇرمۇش، تۇرمۇشنى يېڭىلايدىغان تۇرمۇشتىن ئىبارەت.

ھەشەمەتچىلىك ئومۇمەن نامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايەندە بولىدۇ؛ قۇل ئىگىلىكى ۋە فېئوداللىزم تېگى - تەكتىدىن نامرات جەمئىيەت ئىدى. ھەشەمەتچىلىك ئۇنىڭ «پاجىئەلىك شادلىقى» بولۇپ مەيدانغا چىققانىدى. «ئالتۇن - كۈمۈشكە پۈركەنگەن» رىم ئىمپېرىيىسى ھەشەمەتلىك كەيپى - ساپا ئىچىدە كۆچمەنچى قەبىلىلەر دېڭىزىغا غەرق بولدى. «تاۋار - دۇردۇنغا چۈمكەلگەن جىيا خوجامىنىڭ ئائىلىسى» «قىزىل

راۋاقتىكى چۈش» تە تەسۋىرلەنگەندەك، قەھەت باسقان تاغدىكى مايمۇنلاردەك پاجىئە ئازگاللىغا دەپنە قىلىندى. ئەكسى ھالدا كاپىتال جەمغىرلەش، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، باتۇرلارچە ئىزدىنىش يولىغا ماڭغان گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيىلىكلەر، كېيىنچە ياپونىيىلىكلەر تارىخنىڭ يېڭى ئۇپۇققا كۆتۈرۈلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك مەرىپەتپەرۋەر سۈپىتىدە جاھان كېزىپ قايتقاندا مۇنداق يازغانىدى:

«ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە يوق قوتۇر ئېشەك، پىياق قالغانىمىز باردۇر.»
«ھۈنەر بىلەن سانائەتتە ئېتىشتۇق، ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمدانىدا غىدىر قويغانىمىز باردۇر.»
«يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماغلىق بەسى مۇشكۈل،
ئەگەر بىرىيەردە توي بولسا بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.»

مانا بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلەرچە مۇھەببەت!
مانا بۇ، مۇتەپەككۇرلەرچە نومۇس ۋە غەزەپ!
مانا بۇ، لۇشۇنچە پاش قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش!
مانا بۇ، داۋاملاشتۇرىدىغان، ۋارىسلىق قىلىدىغان يېگىلاش روھى!

ھەشەمەتچىلىك بىلەن مېھماندوستلۇق پەرقلىنىدۇ. قىزغىن مېھماندوستلۇق مىللىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى پەزىلەت، ئاقىلانە مەدەنىيەتنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. قەدىمكى زاماندا قاتناش مۇشكۈل، شەھەر - يېزا سودىسى دېگەندەك ئاۋات ئەمەس، مۇساپىرەت ۋە سەرسانلىق پاجىئەلىرى جاھاننى قاپلاپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ «قەلبتىكى خىزىر»، «چۆلدىكى بۇلاق»، «مۇھتاجلىقتىكى دەرمان» بولغان. قىزغىن مېھماندوستلۇق شىمال - جەنۇب، شەرق - غەربتىكى ئوخشىمىغان رايون ۋە مىللەت خەلقلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، قەلبلەر باغچىسى، دوستلۇق بەلبېغى ھاسىل قىلغان. بىز شۈەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ۋە ماركوپولو قاتارلىقلارنىڭ شەرققە «ساياھەت خاتىرىلىرى»دىن مۇنداق مېھماندوستلۇقنىڭ نەسىردىي ۋە شېئىردىي مەدھىيىسىنى كۆرەلەيمىز. مۇنداق مېھماندوستلۇق — يۇرتۋازلىق، بېكىنمىچىلىك، چەتكە قېقىش قاتارلىق تەرسا ئىللەتلەرنىڭ ئەكسىچە، بىرلىك-ھەمدەملىك كۈچىنى ئۇلغايتىپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ۋە ئىپتىخارىنى نامايەندە قىلغان.

ئەمما ھەشەمەتچىلىكنىڭ «مېھماندوستلۇق» نىقابى بىلەن ئۆزىنىڭ ساختا شۆھرەتچىلىك ماھىيىتىنى يوشۇرۇۋېلىشىغا دەزەر قىلماق لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى فادىيېۋ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاز بولمىغان كىشىلەر دوستلۇقنى تىلغا ئالغاندا غىزا ۋاقتىدىكى ۋە ھاراق سورۇنىدىكى كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا بولغان كەڭ قورساقلىقنى نەزەردە تۇتىدۇ! بىراق بۇلارنىڭ دوستلۇق بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟!»

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ھەشەمەتچىلىكىنىڭ يارىش (بەيگە) مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. بىر تەرەپتە، ھەشەمەتچىلىك «مىللىي ئادەت» نىقابىدا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، «كىيمە سۆرىتىپ، تارتالمىغانچە قامچىلايدىغان» ئىغۋا

بىلەن قوراللانغان مەجبۇرىي كۈچ بولۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتە، بۇنداق «ھەددىدىن ئاشقان»، «جانغا ياماشقان» ھالەتنى ئۆزگەرتىش سادالىرى — ئىلمىي ئاڭنىڭ ئويغىنىش سادالىرى ئۆسۈپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىلمىي ئادەت ۋە يۈسۈن ئىلمىي تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت. ئىلمىي تۇرمۇش شەكلى بىر تەرەپتىن تارىخىي مۇنەۋۋەر ئەنئەنىچىلىكنىڭ ئىپتىنىڭ كۆرۈنۈشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان مىليونلىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئائىلە ۋە جامائەتچىلىك مەكتىپى. ئۇ، نۇقۇل تارىخىي نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەت تارىخى ھەشەمەتچىلىك تارىخىمۇ ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنى مىللەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق بويىچە مۇھىم ئەمەلىي تېما دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاڭلىق ئېتىبارىنى قوزغىشىمىز لازىم.

توي-تۆكۈننى بەيگە مەيدانى قىلىۋالغان ھەشەمەتچىلىكنىڭ كاساپىتىنى ئۈچ جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن:

1. ئۇ — شۆھرەت ئەمەس، بەلكى نومۇس. بەزىلەر ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش ئۈچۈن، بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ خىيالىي يېڭى ئوبرازىغا تون كەيدۈرۈپ، يېڭىچە تەسىر پەيدا قىلىش تەنتەنىسى قىلىش ئۈچۈن، بەزىلەر مۇناسىۋەت تورىدىنى كەڭ يېيىش ئۈچۈن سودىگەرلەرچە باش قاتۇرۇپ، ئادەم تاللاپ قاتمۇقات «مەسلىھەت چېيى»، «چوڭ-كىچىك چاي»، 1000 كىشىلىك ياكى نەچچە مىڭ كىشىلىك توي، «ۋېچېركا»، «ھاردۇق چېيى»، «چىللاق» مەشرەپلىرى ۋە ھەر خىل نەزىر-مەۋلۇدلار ئۆتكۈزىدۇ. بۇ — شەرەپمۇ؟ ياق، نومۇس!

روشەنكى، ھەقىقىي ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇنداق شۆھرەتكە مۇھتاج ئەمەس، غېرىب-غورۋالىق بولسا مۇنداق شۆھرەتكە نەپرەتلىنىدۇ. شۆھرەت — پۇلنىڭ ئىلكىدىكى نەرسە ئەمەس. تاپقان پۇلنى كۆيلەپ، يوقاتقان پۇلغا زارلاپ پوئېزىيە يېزىش ھاماقەتلىك، چۈنكى ئۇ، شۆھرەتلىك تېمىغا سىغمايدۇ. ئەكسى ھالدا بۇ شۆھرەت يوقىتىش! بۇ ئۆزلىرىنىڭ چاكىنىلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئىجتىمائىي ئادەت-قائىدىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. تارىخ، قامۇس ۋە تەزكىرىلەر مۇنداق «قەھرىمان»لارغا ئەزەلدىن شۆھرەتلىك سەھىپىسىدىن ئورۇن قالدۇرمىغان.

2. ئۇ — ئامەتتىن ھوسۇل يىغقانلىق ئەمەس، ئاپەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىق. بەزىلەر توي-تۆكۈننى غەيرىي سودا-تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقان. ئۇلار تويىنىڭ چىقىمىدىن كىرىمى كۆپ، قانچە ھەشەمەتلىك بولسا، شۇنچە ساندۇق تولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. توي كىرىمى تويىدىن ئىلگىرىكى جايلاردا، توي ۋاقتىدا قۇدىلارغا بىر نۆۋەت، مېھمانلارغا بىر نۆۋەت تەنزە ئېچىش بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. كىرىمىنىڭ قانداقلىقى يۈرەك سوقۇشى، تەبەسسۇم ۋە دەرد يۇتۇۋېلىش بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى جايلاردا يىگىت «قىممەت» بولسا، بەزى جايلاردا قىز «قىممەت» بولىدۇ. ئورنى چوڭ، خىزمىتى ياخشى، پۇلى كۆپ، تۇغقانلىرى جىق ئائىلىگە قۇدا بولماق «قىممەت» مال دۇكىنىغا ئاياغ باسقاندەك مۇشكۈل. بۇ سودا تولىمۇ رەھىمسىز بولۇپ، «مال»غا ھەق تۆلەشتىن تاشقىرى «سۈت ھەققى»، «مېھىر ھەققى»، «قېرىنداشلىق ھەققى»، «تۇغقانلىق ھەققى»، «چاي ھەققى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەق تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ «قۇل سودىسى» دىن بەتتەر. «قۇل سودىسى» دا سودا بىرلا «جانلىق بۇيۇم» ئۈستىدە

بولىدۇ. «چارۋا مال» سودىسىمۇ بىرلا شۇ مال نەرقى ئۈستىدىلا بولىدۇ. بۇ، غېرىب - غۇرۇۋالىقنىڭ ھەشەمەتچىلىك نىقابىدىكى «قاقتى-سوقتى»، «تىلەپ - تېرىپ»، «بۇلاپ-تالاپ» جاھان بېقىش پەلسەپىسىنىڭ نەق ئۆزى.

ئۆزىنىڭ ھالال پەرزەنتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى مۇنداق ئاياغ - ئاستى قىلىشقا رازى قىلغان مۇشۇ «پۇل» ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، بەلكى قۇدا بولۇۋاتقان مىللەت ئەزاسىدىن يۇلۇۋېلىنىدۇ. بۇ «ئامەت» ئەمەس، ئاپەت!

بىز ئون يىللاپ غۇربەتچىلىكتە سۆلىمىدىن سولىشىپ، ھىلالدەك تورلىشىپ توي غېمىدا پۇل توپلاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقان مىللەت گەۋدىسى ئىڭكىلىكىنى كۆرگىنىمىزدە ئىچىمىز سىيرىلمەمدۇ؟ ئۇلار توي ئالدىراشچىلىقىدا ھالىدىن كېتىدۇ، قەرزگە بوغۇلىدۇ، پەرزەنتلەر كۈلكىسىنى ئەندىشە ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن بەرپا قىلىدۇ. بۇ پەرزەنتچۇ؟ ئۇ بىرقانچە يىل چۈشتىكى تۇماندەك ياشايدۇ-دە، يەنە ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ھېلىقى ھەسرەتلىك ئىشىنى تەكرارلاپ قوچۇلىدۇ، پۇچۇلىدۇ، زارلىنىدۇ، خارلىنىدۇ. مانا بۇ «مىللىي ئەنئەنە» مۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق «ئەنئەنە»نى قايسىبىر شامان ياكى پەيغەمبەر تۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىش لازىم. ھېلىقى «يىغىلغان رەخت»لەرگە كەلگەندە، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. قولدىن قولغا ئۆتۈپ، مۈشۈك قۇيرۇقىدىكى لاتىدەك، مىللەتنى قۇيۇندەك پىرقىرىتىشتىن باشقا ئۇنىڭ خاسىيىتى يوق. ۋەھالەنكى، بۇنداق سالپا رەختلەر قانچە مىليون مېتىردىن ھالقىغان.

3. ئۇ — ئەركىن مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىسى. مەلۇمكى، ھەقىقىي مۇھەببەت — ئەركىن مۇھەببەت، سۆيۈشكەنلەرنىڭ ئۆز مۇھەببىتىدىن، ئىختىيارىيلىق مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، پۇل ئىختىيارىي نەرسە، مۇھەببەتلىك نەرسە بولماي، زورلۇقتىن، تاشقى كۈچتىن ئىبارەت. بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەر بىر يۇرت بولماسلىقى، بىر خىل تەبىقە بولماسلىقى، بىر دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇندا بولماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال. بۇ جەمئىيەتنى ئىجتىمائىي ۋە ئىرسىي جەھەتتە تەكشەپ تۇرۇشقا، ئالاھىدە تۇپلار شەكىللىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىجابىي ھادىسە.

پۇل مۇھەببەت ئارىسىغا كىرىپ قالغاندا، پۇل چىقىمىغا قۇربىتى بارلار خالىغاننى قىلىدىغان، بۇنىڭغا قۇربىتى يوقلار مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولىدىغان پاجىئە شەكلىدىكى ھايات تۈركۈملىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ — نىكاھ قانۇنىغىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار غايىلىرىگىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىق. ھەشەمەتچىلىك ۋە پۇل ئۆتكەللىرى بىلەن، مۇھەببەتنى بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان «مەسلىھەتچى»، «ساندۇق ئاچقۇچى»، «سۆز-چۆچەك ئويدۇرۇپ چىققۇچى» ئارىچىلارنىڭ كاساپىتىدىن ھەقىقىي مۇھەببەت تاكى ئاخىر زامانغىچە شېرىن خىيال بولۇپ، ياشلىق يۈرەكلىرى كىشەنلەنگەن تۇتقۇن بولۇپ قالامدۇ؟!

4. ئۇ — قۇدىچىلىك ئالىي ھېسسىياتلىرىنى ساختىپەزلىك ئۆچمەنلىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەسلىدە ئەركىن نىكاھ نىكاھلانغۇچىلار ئارىسىدا بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىكىگە رازىمەنلىك، خۇشاللىق، ئىناقلىق ۋە قۇدىچىلىق ھالاۋىتى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى: پۇل ۋە شۆھرەت مەقسەت قىلىنغان نىكاھتا، نىكاھ توي قىلىشقانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئارىسىدىكى سودا - تىجارەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئەسلى ماھىيىتىدىن ياتلىشىپ، سېھىرلىك ۋە ئەندىشىلىك ساختا قىياپەتكە كىرىدۇ. ئۇ بەزىدە «قىل»نىڭ ئۈستىدە «كاتتا دۇكان» پەيدا قىلىپ، تەھدىت بىلەن يۇلۇۋېلىشنى

قەستلەيدۇ، بەزىدە تويدىن ئىلگىرى «ئېغىر ئاياغ» قىلىشنى پەيدا قىلىپ، سودىنى تاڭىدۇ. ساختىپەزلىك ماھىرلىرى.دەللاللار، تادان سوخەنچىلەر تاشتىن ماي، توخۇمدىن تۈك چىقىرىش بولىدا توي ئىگىلىرىنىڭ قەلبىنى ساختىپەزلىك ئىللەتلىرى بىلەن زەھەرلەيدۇ. خەتەرلىكى شۇكى، بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ.

5. ئۇ ـ سۆز ـ چۆچەككە دەسمايە بولىدۇ. سورۇن چوڭ بولسا «چوڭ بولۇپ كەتتى» دېگەن سۆز ـ چۆچەك، ئاددىي ـ ساددا بولسا «چاكىنا بولدى» دېگەن سۆز ـ چۆچەك بولىدۇ. ئەسلىدە ئائىلە ۋە شەخسكە مەنسۇپ مەسىلىلەر خۇسۇسىي ئىش بولۇپ، «ئۇچۇردا يېپىق» بولۇشى ئىجتىمائىي ئەدەب ھېسابلىناتتى. ئەمما بىزدە مەخسۇس خۇسۇسقا ئائىت مەسىلىلەرنى تاتىلاپ ئۇچۇق ئۇچۇر، ھەتتا توقۇلما ئۇچۇر، غەيۋەت ئۇچۇر پەيدا قىلىدىغان «ئوبزورچى»لار تۇرغۇن. بىرسى چىرايلىق بولدى دېگەننى، بىرسى سەتلەشتۈرۈپ سۆزلەيدۇ. ھەممە دېڭىزنىڭ چېكى بار، غەيۋەت دېڭىزىنىڭ بىر چېتى يوق! مۇنداق ئەۋالدا «ساندۇق ئاچتى» ماھىيەتتە «غەيۋەت ئاچتى» بولىدۇ. توي ئىگىلىرى خۇددى يېڭى رومان قەھرىمانلىرىدەك كوچىلاردا ھەر خىل كارىكاتۇرلۇق قىياپەتتە ئېقىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ، ھەشەمەتچىلىكنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى.

6. جامائەت نورمال ۋە زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. تويغا چاقىرىلىدىغان كىشى تولىمۇ كۆپ، بىر كىشىمۇ نەچچە تويغا چاقىرىلغاچقا، نورمال خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىشقا كاشىلا بولىدۇ. ھازىر بىر ھەپتىدە يەكشەنبىدىن باشقا پەيشەنبە ۋە جۈمەلەردىمۇ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ بولىدىغان ئەۋاللار بار. بىر ھەپتە ئىشلەپ، بىرلا دەم ئېلىش كۈنى بولغان يەكشەنبىدە پەرزەنت تەربىيىسى، كىر ـ قات يۇيۇش، نان يېقىش، سودىلىق قىلىشقا يەتمىگەن ۋاقىت، ھەممىنى قايرىپ قويۇپ توي ـ تۆكۈنگە مەركەزلىشىدۇ. باغ سەيلىلىرى، مەدەنىي پائالىيەت، دالا سەيلىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىللەتلەردەك زامانىۋى يەڭگىل ـ ئازادە مەدەنىي تۇرمۇش خەلقىمىزگە قاچان نېسىپ بولار؟

7. ئۇ ـ دۆلەت، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىغا، جەمئىيەت كەيپىياتىغا، روھىي ھەمدەملىككە سەلبىي تەسىر كەلتۈرىدۇ.

8. ئۇ ـ ياش ئەۋلادلارغا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا «دەرد ـ جېدەلگە قاراپ نىشان تېپىش»، «ئاتا ـ ئانىسىدىن ماختىنىش ياكى قىسىلىش، ھەتتا تېنىۋېلىش»، «مال ـ پۇلغا قاراپ مۇھەببەت باغلاش»، «ئۇنىمىسىمۇ كەينىگە كىرىۋېلىش»، پۇل كويىدا جاننى تىكىپ قويۇش كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلاردا «پۇلغا ئالغان مەھبۇب»قا «خوجايىنلىق قىلىش»، پۇلى تېخىمۇ كۆپەيگەنچە باشقىسىنى يەنە «پۇلغا سېتىۋېلىش»، قىزلاردا ياتلىق بولۇشتىن قورقۇش، ئەردىن ئايرىلىپ قايتا نىكاھلىق بولۇشقا پەندىيات قىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئۆز ئاتىسى، ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىم ياشايدىغان پاجىئەلىك روھىي كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. يېڭى ئائىلە پۇلنىڭ چىرىتىشى بىلەن ئىشەنمەسلىك، تەشۋىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەۋاللار كۆپچىقۇ؟ نامرات ئائىلىلەردىكى گۈزەل يىگىت ياكى قىزلار ھەمىشە چىرىتىش ياكى سۇيىقەست نىشانىسى بولۇپ قالىدۇ. ھەر خىل ھەشەمەتلىك «ۋېچېركا»لاردىكى مەستلىك ۋە ھەسەت تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان قىساسكارلىق پاجىئەلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ.

9. مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەر يۇرت، ھەر شەھەر ھەر خىل «قائىدە» چىقىرىپ، ئۇنى بارغانسېرى دۆملەنگەن قاردەك ئۇلغايتىپ، ساغلام، تېجەشلىك، مەدەنىيەتلىك مىللىي ئەنئەنىنى بۇزىدۇ.

10. باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدۇ.

مانا بۇ — ھەشەمەتچىلىكنىڭ توي - تۆكۈندىكى بىر قانچە كاساپىتى. ھەشەمەتچىلىك باشقا جەھەتلەردىمۇ خېلىلا بازارغا ئىگە.

پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى يېڭى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەمشەخسىي ئىقتىدار بوشلۇقىنى ئېچىش، ھەم مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە نادانلىق، ئېرىن - ئۆرۈۋالىق، قالاقلىق، كېسەللىك بويىسىنى يۇدۇپ تۇرغان بىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ئېچىنىشلىق ھەم كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ باي بولغانلىقىڭ مىللەتنىڭ باي بولغانلىقى ئەمەسقۇ؟! بىز قانچە - قانچە مەنىۋى كۈچ، ماددىي كۈچ جەمئىيلەپ ھالىمىزغا كېلىۋېلىشقا مۇھتاجمىز؟!

ئىنسان قىممىتى ساختا شۆھرەت ۋە ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇ ئىجادىي ئىقتىدار ۋە ئىجتىمائىي تۆھپە بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت زېبۇزىننەت، ياسىداق سۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن تىكلەنمەيدۇ، ئەكسىچە، يۇقىرى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە مول ئۇنۇم بىلەن رويابقا چىقىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ ئىجادىيەت كۈچى ۋە بۇ كۈچىنى داۋاملىق ئىجاد قىلىپ تۇرۇش بىلەن ساقلىنىدۇ، راۋاجلىنىدۇ. بىز نېمىنى ئىجاد قىلالايمىز؟ قانچىلىك مەبلەغ توپلىيالىدۇق؟ ھەشەمەتخورلۇق بىزنىڭ بەختىمىز، خۇشاللىقىمىز، غۇرۇرىمىز ۋە ئىستىقبالىمىزنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلەمدۇ؟ ھەشەمەتچىلىكتە قەلبىنى يوقاتقان ئەدىب، كومپوزىتور، ئۇسسۇل رېژىسسورى، ناخشىچى، مائارىپچى ئالىمى ئوبراز، يۈكسەك گۈزەللىككە ئىگە، خەلقنى ئالغا يېتەكلەيدىغان يۇقىرى تارىخىي قاتلامدا تۇرىدىغان ئەسەر يارىتالىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق!

تارىخ بىزگە كۆرسەتتىكى، ھەشەمەتچىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، مىللەتنىڭ ھەممە ھۈجەيرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىل مارېز- ئىللەت! ئۇ- ئىنسان قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان، مىللەت قىممىتىنى پۇچەكلەشتۈرىدىغان كېسەل تەگكەن كىشىلىك قارىشىنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەممە كىشى، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان ئايالالار بۇ مەرەزدىن ئۆز ئەۋلادلىرىنى قۇتقۇزۇشى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى بولجىتۇر نەرسىلەرگە يەم قىلىۋېتىمەسلىكى لازىم. مانا بۇ ھەقىقىي دانا ئانىلىق بۇرچى!

1989- يىل، 22- فېۋرال (قايتا يېزىلدى)

قوشۇمچە:

## يەنىلا «ئەسسالام!» دېگەن ياخشى

سالاملىشىش — ئەخلاقىي ئالاقىنىڭ ئادەتتىكى بەلگىلىرىدىن بىرى. بىز ئادەتتە ئىككىنچى كىشى بىلەن بىۋاسىتە يۈزمۇ-يۈز، ياكى خەت — ئالاقە، تېلېفون، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بۇ چاغدا «ئەسسالام!»، «سالام خەت» دېگەن سۆز بىلەن ئۆز ئوبيېكتىمىزگە ئەڭ تۈزۈك ۋە ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. بۇ سۆز كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزدە مەيلى شەھەر-يېزىلاردا بولمىسۇن ئومۇملاشقان سالاملىشىش ئىبارىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇ، «ياخشىمۇسىز؟»، «ياخشىمۇسىزلەر؟» دېگەن سوئال خاراكتېرى ئالغان سالاملىشىش ئىبارىسىدەك ھېچقانداق جاۋابقا مۇھتاج ئەمەس. ئۇنىڭغا دەرھال راستچىللىق بىلەن «ھەئە، ياخشىمەن!»، «ياق، ئوسالمەن!»، «بىر قىسمىمىز ياخشى...!» دەپ جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتىمۇ، مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق. سوئال خاراكتېرلىك ئىبارىدا جاۋاب قايتۇرماسلىق ياكى ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە سوئال تاشلاپلا، جاۋابسىز كېتىپ قېلىشتا تۇغۇلىدىغان ئەدەبسىزلىك، بىئەدەبلىك ئەھۋاللىرىمۇ يوق.

بىز چوڭ ياشتىكى پېشقەدەم كىشىلەر بىلەن، ئەر ياكى ئايال بىلەن، ياكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ئارىلاشقان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە دۇچ كېلىشىمىز، ئۇلارغا سۆھبەت، لېكسىيە، دوكلات قىلىشىمىز مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا «ئەسسالام!» ئىبارىسى «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن ئىبارىدىن ئۆزىنىڭ ھەممىگە باپ، كەڭ مەنىلىك، ئالىي ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرۈشى بىلەن ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. نەۋرىلىرى بوۋىلىرىغا، كېلىنلىرى قېيىن ئاتىلىرىغا «ياخشىمۇسىز؟» دېگەندە راسا مۇۋاپىق بولمىغاندەك تۇيۇلامدۇ؟ ئەرلەرگە «ئەسسالام!» ئاياللارغا «ياخشىمۇسىز؟» دېيىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

بەزىلەر «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن يېڭىچە، «ئەسسالام!» دېگەن كونىچە، «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن ئۇيغۇرچە، «ئەسسالام!» دېگەن ئەرەبچە، «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن خەنزۇچە «نى خاۋ!» دېگەنگە ئوخشاش دېيىشىدۇ. بۇ ئاساسسىز. كونا-يېڭى دېگەنلىك تارىخىي چۈشەنچە، شۇنىڭدەك دىئالېكتىكىلىق چۈشەنچە. «ياخشىمۇسىز؟» بىلەن «ئەسسالام!» دېگەن سۆزدە كونا-يېڭىلىق مەسىلىسى، قىممىتى مەۋجۇت ئەمەس. «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى سالاملىشىش بەلگىسىمۇ ئەمەس. شۇنداق، ئەسلىدىكى باشلانغۇچ ئىبارىنى قايتا قوللىنىشىمۇ شەرت ئەمەس. «سالام!»، «ئەسسالام!» ئىبارىسى يالغۇز ئەرەب مىللىتى قوللىنىدىغان ياكى دىنىي سالام بەلگىسىمۇ ئەمەس. ئۇ، ئىسلام شەرقىدىكى خەلقلەر ئەخلاق مۇناسىۋىتىدە قوبۇل قىلغان ئورتاق سالاملىشىش ئىبارىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «نى خاۋ!» دېگەن سۆز كۆپ مەنىلىك بولۇپ «ياخشى بولۇڭ!»، «خەيرىيەتلىك بولۇڭ!»، «ياخشى تىلەكداشمەن!» دېگەندەك ھۆرمەت مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ سوئال خاراكتېرى يوق.

خۇلاسىكالام، ھەممىنىڭ، ھەممىدە، ھەممىگە «سالام!»، «ئەسسالام!» دېگىنى مۇۋاپىق.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




رەخىم قاسىم

## 4 - قىسىم


## سوۋېت كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1. خىزمەت ۋە دەم ئېلىش

سوۋېت كىشىلىرى قانداق ياشايدۇ؟ مەن بۇ سوئالغا بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى چوڭقۇرراق كۆزىتىشكە تىرىشتىم.

مەن تۇرغان مەھەللە تاشكەنت شەھىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر تىپىك مەھەللە ئىدى. بۇ — كېيىنكى يىللاردا ئاھالىلەر ئۈچۈن سېلىنغان نۇرغۇن بىنالاردىن تەركىب تاپقان، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر نەچچە ئىنستىتۇتلىرى: ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر؛ زاۋۇت - كارخانىلار ھەمدە كولخوز بازىرى، تۇرلۇك مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى جايلاشقان مەھەللە ئىدى.

بۇ مەھەللە ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنى ئەتىگەن سائەت بەشتىلا باشلايتتى. بۇ يەردە ئەڭ ئالدىن نان - بولكا دۇكىنى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى، ئاپتوبۇس بېلىتى سېتىش پونكىتى ۋە گېزىت - ژۇرنال سېتىش بوتكىسى ئېچىلاتتى. ئەنە شۇ قاق سەھەردە كىشىلەر ھەر قايسى بىنالاردىن چىقىپ، ئالدى بىلەن نان - بولكا دۇكىنىغا كېلەتتى. دۇكانغا چوڭ بىر ياغاچ جاۋەن قويۇلغان، ئۇ بىر نەچچە كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر كاتەكچىگە سۈپىتى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولكىلار تىزىلغان، مەخسۇس بىر كاتەكچىگە تونۇر نېنى قويۇلغانىدى. بۇ يەردە قارا بۇغداي ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان بولكىمۇ، ئالاھىدە قايتا ئىشلەنگەن بولكىلارمۇ بار ئىدى. خېرىدارلار ئۆزلىرى خالىغان بولكىسىنى ئېلىپ، ئىشىك تۈۋىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان كاسسىرنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. كاسسىر ھەركىمدىن لايىق پۇلنى ئالاتتى. ئالىيغىسى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان خېرىدارلار ئۆچىرەت بىلەن رەتلىك تىزىلىپ ماڭاتتى. بىر - بىرىنى قىستايدىغان، يولسىزلىق قىلىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىغان، تىزىقلىق بولكىلارنى قالايمىقان ئىلغايدىغان، ئەقەللىسى قاتتىقراق ئاۋازدا ۋارقىرىشىدىغان ئەھۋاللار بۇ يەردە يوق ئىدى. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ



* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

سودا ئىشىنى باشلىغان كاسسىر ئاپال بېجىرەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە تېز، مۇئامىلىسى شۇنچە سىلىق ئىدىكى، بىرەر خېرىدارنىڭمۇ ئۇنىڭدىن نارازى بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

نان - بولكا دۇكىنىدىن چىققان كىشىلەر بۇ دۇكاندىن ئانچە يىراق بولمىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا كىرەتتى. بۇ ماگىزىندا چاي، تۇز، كەمپۈت، پېچىنە، سۈت، سېرىقماي، كولباسا، كونسېرۋادىن تارتىپ تاماكا، سەرەڭگىگىچە ھەممە نەرسە رەتلىك تىزىلغان ئىدى. كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن بۇ ماگىزىنلارغا قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىكتە قايتىشاتتى.

ئۇلار سېتىۋالغان نان - بولكىلار يېڭىلا پىشۇرۇلغان، سۈتلەر شۇ كۈنى سېغىلغان سۈتلەر ئىدى.

كىشىلەر ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئۆيلىرىدىن ياسىنىپ - تارىنىپ چىقىشاتتى. بەزىلىرى گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى ئالدىدا ئۇچرەتتە تۇراتتى. بۇ بوتكىدا موسكۋادا چىقىدىغان شۇ شۇ كۈنكى «پراۋدا»، «ئىزۋېستىيە» گېزىتلىرى ۋە تاشكەنتتە چىقىدىغان «سوۋېت ئۆزبېكىستانى» (ئۆزبېكچە نامى «قىزىل ئۆزبېكىستان»)، «تاشكەنت ھەقىقىتى»، «ياش لېنىنچى»، «تاشكەنت ئاخشىمى»، «ئۆزبېكىستان قىشلاق خوجىلىقى»، «رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى» قاتارلىقلار سېتىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ناشتىدىن كېيىن بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى شۇ كۈنكى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇش ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار گېزىتلەرنى ئالغان ھامان ماۋزۇلارغا كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇلار بىر ياقتىن ماڭغاچ، بىر ياقتىن گېزىت كۆرەتتى. گېزىت - ژۇرنال سېتىش بوتكىسىدىن چىققانلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتوبۇس بېلىتى سېتىش پونكىتىنىڭ ئالدىغا باراتتى. يېقىنلا يەردە ئاپتوبۇس، تروللېيبۇس ۋە ترامۋاي بېكەتلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىغا چىقىش توغرا كەلسۇن ئالدى بىلەن بېلەت ئېلىۋېلىش كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئاپتوبۇس، ترامۋايلاردا بېلەتساتقۇچىلار يوق ئىدى، پەقەت شوپۇر بار ئىدى. ئاپتوبۇس، ترامۋايلاردا مەخسۇس بېلەت تېشىش كونۇپكىسى ئورنىتىلغان. پاسسژىرلار قولىدىكى بېلەتلىرىنى ئۆزلىرى كونۇپكىغا سېلىپ تېشىۋالاتتى. ئاپتوبۇس، ترامۋايلارغا پەقەت مۇنداق سۆزلەر يېزىپ قويۇلغانىدى: «بېلەتسىز چىققان پاسسژىردىن ئۈچ سوم جەرىمانە ئېلىنىدۇ». ۋەھالەنكى، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەش ئاي تۇرغان بولسامۇ، بىرەر پاسسژىرنىڭ مۇنداق جازاغا ئۇچرىغىنىنى كۆرمىدىم.

ئەتىگەن سائەت يەتتە ئەتراپىدا كوچىنى جىددىيلىك قاپلايتتى. ھەر بىر بىنا ئاردلىقلىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پىكاپلار پەيدا بولاتتى. بۇ يەردە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ شەخسىي پىكاپلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئىش ئورۇنلىرىغا ئەنە شۇ پىكاپلىرىدا باراتتى. ھەش-پەش دېگۈچە بۇ پىكاپلار شۇ قەدەر كۆپىيەتتىكى، پىكاپلار ئېقىمى ھاسىل بولاتتى. پىيادىلەر يولىدا بولسا، تۇشمۇ-تۇشتىن ئاپتوبۇس، ترامۋاي بېكەتلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئېقىمىنى كۆرۈنەتتى. ئۇلارنى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئاپتوبۇس، تروللېيبۇس، ترامۋايلار توشۇپ ماڭاتتى. نېمىدېگەن كۆپ ئادەم! نېمىدېگەن كۆپ ماشىنا! پۈتۈن شەھەر تەۋرەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئادەملەر قاياققىدۇر ئالدىراش سەپەرگە ئاتلانغاندەك، ياق، گويا فرونتقا ئاتلانغاندەك جىددىيلەشكەنىدى.

www.uygurkitap.com

بۇ چاغدا چوڭلارلا ئەمەس، باللارمۇ مەكتەپلەردىكە ئالدىراپ يول ئالاتتى. دۈمبىسىگە سومكىلىرىنى ئېسىۋالغان بۇ باللار تۈرلۈك مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بىر خىل مەكتەپ فورمىسىنى كىيگەن، بولۇپمۇ قىز باللارنىڭ فورمىسى ئىنتايىن يارىشىملىق. ئۇلار ياقىلىرىغا ئاق تور تۇتۇلغان بېغىررەڭ ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا ساراپان كىيگەن. ئۇلارنىڭ قارا ۋە سېرىق چاچلىرىغا تۈرلۈك رەڭدىكى لېنتىلار چىرايلىق چېگىلگەنىدى. بۇلار كىشىگە ئىختىيارسىز باھار چېچەكلىرىنى ئەسلىتەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مېھنەت — ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. كىمكى قانچە كۆپ مېھنەت قىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن قانچە كۆپ تۆھپە ياراتسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى شۇنچە يۇقىرى. ئەڭ ئاددىي تازىلىق ئىشچىلىرىدىن تارتىپ ئالىملارغا قەدەر كىم كۆپ ئەجىر سىڭدۈرسە، ئەنە شۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر. مەن بۇ ھەقتە كۆرگەنلىرىمدىن مۇنداق بىر مىسالنى ئېيتىپ بېرەي: بىر كۈنى مەن تاشكەنت تېلېۋىزىيە مۇنارىسىنى كۆرگىلى باردىم. 300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىنتايىن چوڭ ياسالغان بۇ مۇنارنىڭ ئۈستىدە بىر ئايلانما رېستوران بار ئىكەن. ئۇ يەردىن پۈتۈن تاشكەنت شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن. بىراق، كۆپ ھاللاردا ئۆچىرەتتە تۇرۇپمۇ بېلەت ئالغىلى بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇ يەرگە چىققۇچىلار بەك كۆپ ئىكەن. ئەنە شۇ مۇنارنىڭ بېلەت سېتىش ئورنىغا مۇنداق بىر ئېلان چاپلاپ قويۇلۇپتۇ: ئۇنىڭدا ئۆچىرەتسىز بېلەت ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ بىرىنچى تۈركۈمىگە: سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانلىرى، سوتسىيالىستىك مېھنەت قەھرىمانلىرى ۋە قەھرىمان ئانىلار يېزىلغان ①، ئاندىن كېيىن ئىشچى، كولخوزچى، ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكار قاتارلىق ھەر ساھە كىشىلىرىدىن «لېنىن مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېئاتى»، «س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېئاتى» بولغانلار ھەمدە «لېنىن ئوردېنى»، «ئەمگەك قىزىل تۇغ ئوردېنى» قاتارلىق يۇقىرى ئوردېنلار بىلەن مۇكاپاتلانغانلار يېزىلغان. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرى بولسا، 4- تۈركۈمدىكىلەرگە يېزىلغان. مۇشۇ بىر پارچە ئېلاننىڭ ئۆزىدىنلا ئۇ يەردە ھەممىدىن ھۆرمەتلىكى مەنسەپ، نەسەب، پۇل ئەمەس بەلكى مېھنەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەيدۇ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالىدۇ. بىر ھەپتىلىكتىكى ئىش سائىتى 40 سائەت بولۇپ، بەزى مۇرەككەپ ساھەلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ھەمدە ئوقۇتقۇچى، تىببىي خادىملار، 17 — 18 ياشلىق يىگىت ۋە قىزلارنىڭ ئىش سائەتلىرى تېخىمۇ ئاز. مەسىلەن، كۆمۈركان ئىشچىلىرى بىر ھەپتىدە 30 سائەت ئىشلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مېھنەتكەشلىرى يىلىغا بىر نۆۋەت چوڭ دەم ئالىدۇ، يەنى ھەر بىر ساھەنىڭ مېھنەت شارائىتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنغان ھالدا 15، 18، 24، 36، 48 ۋە 51 كۈن دەم ئالىدۇ، بۇ چاغدا مائاشلىرى تولۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

① سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى — ئاساسەن ئۇرۇش ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلارغا؛ سوتسىيالىستىك مېھنەت قەھرىمانى — سانائەت، يېزا ئىگىلىك، پەن - تېخنىكا ساھەلىرىدە ئالاھىدە تۆھپىسى بارلارغا؛ قەھرىمان ئانا - كۆپ پەرزەنتلىك ئانىلارغا بېرىلىدىغان ئالىي نام — ئا.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەر بىر ئەمگەكچى بىر يىلدا دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرى بولۇپ جەمئىي 128 كۈندىن 130 كۈنگىچە دەم ئالىدۇ.

ئۇلاردا دەم ئېلىش كۈنلىرى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يالغۇز ئۆزبېكىستاننى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر يىلى بىر يېرىم مىليونغا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدىكى ساناتورىيىلەردە، دەم ئېلىش ئۆيلىرىدە دەم ئالىدۇ. داۋالىنىدۇ ياكى چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقىدۇ. بۇنىڭ رەسمىيەتلىرىمۇ بەك قولايلىق. زاۋۇت، فابرىكا ۋە مۇئەسسەسەلەردىكى مېھنەتكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى كەسىپ سويۇزلىرىغا ئىلتىماس يازىدۇ. ئەنە شۇ ئىلتىماس ئاساسىدا ئۇلارغا يوللانمىلار بېرىلىدۇ. مېھنەتكەشلەر يوللانما قىممىتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تۆلەيدۇ، قالغان 70 پىرسەنتىنى كەسىپ سويۇزلىرى تۆلەيدۇ. مانا مۇشۇ يوللانمىلاردىن 20 پىرسەنتىنى ساناتورىيىلەرگە، 10 پىرسەنتىنى دەم ئېلىش ئۆيلىرىگە ھەقسىز بېرىلىدۇ. بۇنداق يوللانمىلار ئەڭ ياخشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋە كۆپ بالىلىق كىشىلەرگە مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئورغۇنلىغان مۇئەسسەسە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدا مەخسۇس دەم ئېلىش ئۆيلىرى بولۇپ، ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇ يەرگە بېرىپ ئارام ئالىدۇ.

مېھنەتكەشلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ياز كۈنلىرىدە دەم ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. يازلىق تەتىل داۋامىدا مەكتەپ بالىلىرى دەم ئالىدىغان جايلار — پىئونېرلار لاگېرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق لاگېرلار بەك كۆپ تەشكىل قىلىنغان. لاگېرلارغا يوللانمىلار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىن بېرىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار يوللانمىلار قىممىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۆلەيدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئەرلەر 60 ياشتا، ئاياللار 55 ياشتا پېنسىيىگە چىقىدۇ، ئۇلارغا دۆلەت پېنسىيىسى بېرىلىدۇ. پېنسىيە پۇلى شۇ شەخسنىڭ ئەمەلىي مائاشىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇرۇش ئىشتىراكچىلىرى، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، مېھنەتكە يارامسىز بولۇپ قالغان كىشىلەر، ھامىلدار ئاياللار، كۆپ پەرزەنتلىك ئانىلار، مائاشى تۆۋەن ئائىلىلەر، يەككە - يېگانە قېرىلار ۋە باشقىلار دۆلەت سوتسىيال تەمىناتى ھېسابىدىن نەپىقە ئالىدۇ.

دۆلەت كىشىلەرنىڭ ماددىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇلارغا سوتسىيال، تىببىي ۋە ۋە مەدەنىي خىزمەت جەھەتلەردە ھەمىشە غەمخورلۇق قىلىپ كەلمەكتە. ۋاقىت - ۋاقتى بىلەن نەپىقىلەرنىڭ مىقدارى ئاشۇرۇلۇپ تۇرۇلماقتا.

## 2. ساقلىقنى ساقلاش

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ، ئاھالىنى ھەقسىز داۋالاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان دۆلەت. سوۋېت خەلقى ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە. بۇنى ئۆزبېكىستاننىڭ مىسالىدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىرقى كۈندە ئۆزبېكىستاندا ھەر 10 مىڭ كىشىگە 32 ۋراچ، 90 نەپەر تىببىي خادىم ۋە بالنىتسىدا

www.uyghurkitap.com

داۋالىنىش ئۈچۈن 118 كارىۋات توغرا كېلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىر گىراژدانىنىڭ ساغلام ياشىشى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدا كونتېرتېپكە قويۇلغان. چوڭ شەھەرلەردىلا ئەمەس، ئەڭ چەتتىكى ئاھالە رايونلىرىدىمۇ دوختۇرخانىلار قۇرۇلغان. ھاۋاسى ياخشى جايلاردا كۆپلىگەن ساناتورىيىلەر بەرپا قىلىنغان. ھەربىلى ئۇرغۇنلىغان مېدىتسىنا خادىملىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلمەكتە.

شەھەرلەردە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ رايون ۋە مەھەللىلەر بويىچە، كولخوز - سوۋخوزلاردا يېزا - قىشلاقلارنىڭ جايلىشىشى بويىچە دوختۇرخانىلار سېلىنغان. بۇ دوختۇرخانىلارنىڭ ئۆز ئامبولاتورىيىسى ۋە بالىنىتسى بولغاندىن تاشقىرى مەخسۇس تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى قاتارلىق زامانىۋى قوراللار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. شۇڭلاشقا، بىرەر ئائىلىدە بىرەر كىشى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالسا، شۇ ئائىلىدىكىلەر دەرھال ئۆز تەۋەسىدىكى دوختۇرخانىلارغا تېلېفون بېرىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىلاردا كېچە - كۈندۈز دېجۇرنى دوختۇرلار بولىدۇ. تېلېفوننى ئالغان دوختۇرخانا ئۆزلىرىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن دوختۇر ۋە سېستىرالارنى تېلېفون بەرگۈچى ئائىلىگە ئەۋەتىدۇ. ئەگەر كېسەل بىرقەدەر يەڭگىل بولسا، شۇ يەردىلا داۋالايدۇ، ئېغىرراق بولسا، ئۇلار كېسەلنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ناسىلكىغا سېلىپ دەرھال ماشىنىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالايدۇ. كېسەل بولغۇچى ئىشچى - خىزمەتچىمۇ، قېرى - چۈرە ياكى كىچىك بالىمۇ بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئوخشاش پۇلسىز داۋالىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قانداق ئاھالىلەر رايونلىرىدا، جامائەت يىغىلىدىغان جايلاردا باشقا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى بىلەن بىر قاتاردا دورىخانىلارمۇ قۇرۇلغان.

## 3. ئۆي - جاي

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا شەخسلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي - جايلىرىغا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇرۇلۇۋاتقان ھەر يىلى ئولتۇراق ئۆي - جايدىن يەتتىمىش تۆتى دۆلەت مەبلىغىگە، تۆتى كولخوزلار ھېسابىغا، يىگىرمە ئىككىسى ئاھالىنىڭ شەخسىي پۇلىغا كوپېراتىپ تەرتىپىدە سېلىنىۋاتماقتا.

شەھەرلەردىكى كۆپ قەۋەتلىك ئاھالىلەر بىنالىرى 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىغا قەدەر پىششىق خىشتىن سېلىنغان، ئۇلار ئۈچ قەۋەتلىكتىن بەش قەۋەتلىككىچە بولۇپ، مۇنداق بىنالارنىڭ ئۆيلىرى كەڭرى ۋە ئېگىز، پوللىرى تاختاي، دېرىزىلىرى بىرقەدەر چوڭ. كېيىنكى يىللاردىكى بىنالار ئاساسەن زاۋۇتلاردا قۇيۇپ تەييارلانغان بېتون تاملارنى بىر - بىرىگە چېتىش شەكلى بىلەن سېلىنماقتا. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەش - ئالتە قەۋەت، ھەتتا بەزىلىرى ئون قەۋەتتىن ئېگىز بولۇپ، ئۆيلىرى سەل پاكارراق، تارراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوللىرى سېمونتلانغان. ۋەھالەنكى، بۇ بىنالارنى مۇمكىن قەدەر سۈپەتلىك سېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارخىتېكتورلۇق شەكلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. بۇلارنىڭ

سىرتقى كۆرۈنۈشلىرى ھەر خىل بولۇپلا قالماي، بېرىلگەن نەقىشلەرمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى تاملارغا ئوخشاش بولمىغان گۈزەل رەڭلەر بېرىلىپ، گۈل - چېچەكلەرنىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن. تورۇسلىرىغا ھەر ياڭزا چوڭ ئېلېكتر چىراغلىرى، تاملىرىغىمۇ چىرايلىق چىراغلار بېكىتىلگەن. مۇنداق ئۆيلەر پايدىلىنىشقا بېرىلگەندە ئەلۋەتتە سېمونت پوللىرى ئۈستىگە قېلىن گۈللۈك پالازلار سېلىنغان بولىدۇ. بۇ ئۆيلەر شەھەردىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان پار بىلەن ئىسسىتىلىدۇ؛ بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان ئىسسىق سۇ ۋە سوغۇق سۇ بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ شۇنداقلا بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان يېقىلغۇ گازدىن پايدىلىنىدۇ. ھەممە ئائىلىگە دېگۈدەك ۋاننا ۋە دۇش ئورنىتىلغان.

دۆلەت مەبلىغى بىلەن سېلىنغان بۇ بىنالارنى ھەربىر مەھەللە سوۋېتىنىڭ ئۆي - جاي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگىنى باشقۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئورگان بۇ بىنالارنى كارخانا ۋە مۇئەسسەسەلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. كارخانا ۋە مۇئەسسەسەلەردىكى ئىشچى - كەسپىي ئۇيۇشمىسى كومىتېتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - جايغا مۇھتاج ئىشچىلىرىغا نۆۋىتى بويىچە تەقسىملەپ بېرىدۇ.

دۆلەت ئىختىيارىدىكى بۇ ئۆي - جايلار ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇلاردىن ئۆي - جاينىڭ ياسىلىش ھەققى ئېلىنمايدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۆزى پايدىلىنىۋاتقان تۇرارجاي كۆلىمى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، يېقىلغۇ گاز، سۇ ۋە ئىسسىتىش سىستېمىسى ئۈچۈن ھەر ئايدا دۆلەتكە ھەق تۆلەپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرى ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېسابتا 0.13 رۇبلى تۆلەيدۇ. ھەر كىلوۋات توك ئۈچۈن 0.04 رۇبلى تۆلەيدۇ باشقىلار ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەققىلەرمۇ ئەرزان، بۇلار ھەربىر ئائىلىنىڭ ئايلىق دارامىتىنىڭ بەك ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دۆلەت مەبلىغىدە سېلىنىدىغان بۇنداق بىنالار توركۈمى ھەر بىر شەھەردە ئوخشاشمىغان نامدا ئاتىلىدۇ. تاشكەنتتە ئۇلارنى شۇ يەرنىڭ ئەسلى نامىدا يەنى چىلانزار، قاراقامىش... دەپ ئاتىسا، ئالمۇتا، فرونزې ۋە ئاھانگران قاتارلىق شەھەرلەردە مىكرو رايون (كىچىك رايون) دەپ ئاتايدۇ.

ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە سېلىنىۋاتقان بۇ خىل ئولتۇراق جايلارنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاشقىرى يەنە بىر نەچچە جەھەتلىرى كىشىدە قىزىقىش قوزغايدۇ. ئۇنىڭ بىرسى، بۇ بىنالار توركۈملىرىنىڭ ئۇزاق كېلەچەكنى كۆزلەپ سېلىنغانلىقى، ئالدى بىلەن بىنالارنىڭ ئورنى ياخشى پىلانلانغان، بىر بىنا بىلەن ئىككىنچى بىنا ئارىلىقىدا مەلۇم بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئۇ يەر كىچىك بىر گۈللۈككە ياكى باغچىغا ئايلاندۇرۇلغان. ئەنە شۇ يەرلەرگە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا كۈندۈزى بوۋاي - مومايلار ئارام ئالسا، كەچلىرى ئۆسمۈرلەر - بالىلار تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بىنالارغا مەخسۇس قاراۋۇل، تازىلىق ئىشچىلىرى قويۇلۇپ، ئۇلار بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت تازىلىقىغا مەسئۇل قىلىنغان. بولۇپمۇ مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراشنى ھەممە ئادەم شەرەپلىك ئىش دەپ قارىغاچقا، بىنالارنىڭ ئىچى-سىرتى دائىم دېگۈدەك پاكىزە تۇرىدۇ. مۇنداق گۈزەل، تازا مۇھىت كىشىگە بىر خىل ئارامبەخشلىك بېغىشلايدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ كېتىش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەھەرلىرىدە قەيەردە ئازغىنە بوش يەر بولسا، شۇ يەرگە دەل - دەرەخ تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش ياكى چىم ياتقۇزۇپ گۈل تېرىش كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. شۇڭلاشقا بىنالار ئەتراپى تامامەن دېگۈدەك دەل - دەرەخ، گۈللەر بىلەن بېزىلىپ تۇرىدۇ. بۇ بىنالار خۇددى يېشىل ئورمان دېڭىزى ئىچىدىكى تەبىئىي ئاراللاردەك كىشىدە زوق ۋە ئىھتىراس قوزغايدۇ.

دۆلەت مەبلىغىگە سېلىنغان ئەنە شۇ بىنالارنى ئۆي - جاي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگان ۋاقتى - ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، پەرداز بېرىپ تۇرغاچقا، سېلىنغىنىغا نەچچە يىل ھەتتا ئون يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلار خۇددى ئەمدىلا سېلىنغاندەك ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن ھەر كىمنى مەپتۇن قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەنە كىشىلەر ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ياكى ياشاۋاتقان يەرلىرىدە كوپىراتىپ بولۇپ بىرلىشىپ، شەخسىي يىغقان پۇللىرىغا ئۆي - جاي سالىدۇ. مۇنداق كوپىراتىپ تەرتىپىدىكى قۇرۇلۇشلارغا سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغنىڭ 70 — 80 پىرسەنتىنى دۆلەت 25 يىل مۇددەتكە قەرزگە بېرىدۇ. قۇرۇلۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بارلىق ماتېرىياللارنى دۆلەت كوپىراتىپلارغا ئۆز باھاسىدا سېتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، مۇنداق ئۆيلەرنى باشتىن - ئاخىرىغىچە سېلىپ پۈتكۈزۈشنىمۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى بېجىرىدۇ. بۇ خىل كوپىراتىپ تەرتىپىدە قۇرۇلغان ئۆي - جايلار كىشىلەرنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل يەنى دۆلەت مەبلىغىگە ۋە كوپىراتىپ تەرتىپىدە سېلىنىدىغان ئولتۇراق جايلاردىن تاشقىرى، شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى يەككە ھالدىمۇ ئۆي - جاي سالىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن ئائىلىگە مەلۇم مىقداردا يەر ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئۆيلەرنى ئاسان سېلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئائىلە باشلىقلىرىغا دۆلەت تەرىپىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى (كولخوز ۋە سوۋخوزلىرى)دا مۇنداق شەخسىي ئۆي سېلىش كەڭ تۈردە راۋاجلانغان.

مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە بەزى كولخوز ۋە سوۋخوزلاردا بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالدىم. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلار بىزنىڭ يېزا-مەھەللىلىرىمىزدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىزدىكى جۈمىندىيەن (ئاھالىلەر نۇقتىسى) دەپ ئاتالغان پىلانلىق تۇرار جاي سېلىش شەكلى ئۇلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. كەڭ ئېلىنغان كوچىلار ۋە بۇ كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تىكىلگەن دەل - دەرەخلەر، چاققانغىنە ھويلىلار ھەممە بۇ ھويلىلاردىكى باغ - ۋاران، كۆكتاتلىقلار كىشىگە ئىختىيارسىز بىزنىڭ يېزىلىرىمىزنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردىكى بىرلا پەرق ئۆيلەرنىڭ سېلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى شەھەرلىرىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرگە ئوخشاش چېدىر شەكلىدە يېپىلغان، پوللىرى ئاساسەن تاختاي.

مەن كۆرگەن نۇرغۇن جايلاردىكى ھويلىلارغا چۆرىدەپ تام سوقۇلمىغان، بەلكى تۆمۈر ۋە ياغاچ تاختايلار تام ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ئېھتىمال، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۆمۈر ۋە ياغاچنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈكىدىن بولسا كېرەك.

## 4. قاتناش ۋە ئالاقە

سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا قاتنىشى تەرەققىي قىلغان دۆلەت. بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قانداق چوڭ بىر ئايرودرومىغا بارغان كىشى دەرھال ھېس قىلالايدۇ. بۇ ئايرودروملاردا «تۇ»، «ئىل»، «ياك» ① ماركىلىق ئالەمگە مەشھۇر ئايروپىلانلار دەرھال كۆزگە چۈشىدۇ.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى كۆپ مەملىكەتلەر بىلەن ھاۋا لىنىيىسى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ شەھەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئوبلاست، رايونلارمۇ ئۆزئارا ھاۋا لىنىيىسى ئارقىلىق باغلانغان. كەڭ سوۋېت خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاۋا قاتنىشى ھەم بىخەتەر، ھەم تېز قاتناش قورالى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ ئايروپىلانلارنىڭ بىلەت باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى ئىنتايىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، ئالمۇتىدىن تاشكەنتكىچە بولغان 1000 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىلىق يول ئۈچۈن ئاران 20 رۇبلى ئالىدۇ. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلىمدە بەزىلەرنىڭ ئالمۇتىدىكى تۇغقىنىنى نەزىر قىلسا، تاشكەنتتىكى تۇغقىنى شەنبە كۈنى ئايروپىلاندا بېرىپ نەزىرنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، دۈشەنبە ئەتىگەندە يەنىلا ئادەتتىكىدەك ئىشقا بارغانلىقىنى بىر ئەمەس بىر نەچچە قېتىم ئۇچراتتىم. بۇ ئۇلاردا ھاۋاقاتنىشىنىڭ نەقەدەر راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاۋا قاتنىشىلا ئەمەس، تۆمۈر يول قاتنىشىمۇ ياخشى يولغا قويۇلغان. ئەڭ چەت چېگرا رايونلارمۇ مەركەز بىلەن تۆمۈر يول ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قاتناش جىددىيلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھازىر تۆمۈريول شەھەرلەرگە يۈزلەنمەكتە. شەھەرلەردە يەر ئاستى تۆمۈريول لىنىيىلىرى (مېترولار)نى قۇرۇش ئىشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. يالغۇز تاشكەنت شەھىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مېترو قۇرۇلۇشى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. شەھەر رايونىدا كېتىۋاتقان زىيارەتچىلەر پات - پاتلا مېترو قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جايلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھازىر قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا چۈشكەن «لېنىن نامىدىكى تاشكەنت مېتروسى» شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گوركىي مەيدانىدىن باشلىنىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سەمەرقەنت ئاپتوبۇس قاتناش بېكىتىگىچە سوزۇلغان. بۇ مېترو ئىنتايىن كۆركەم ۋە چىرايلىق ياسالغان. ئۇنىڭ ئون نەچچە ئىستانسىسىغا ئايرىم ناملار بېرىلگەن ۋە شۇ ناملارغا ماسلاشتۇرۇلۇپ زىننەتلەنگەن. مەسىلەن، «ئۆكتەبر ئىنقىلابى ئىستانسىسى»نىڭ تاملىرىغا ئۆكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىغا دائىر رەسىملىك نەقىشلەر ئويۇلغان بولسا، «پاختىكار» ناملىق ئىستانسىنىڭ تاملىرى يېشىل مەرمەر تاشلار بىلەن زىننەتلىنىپ، ئۇلارغا كۈمۈشتەك ئاپئاق ئېچىلغان پاختىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئون نەچچە ئىستانسىغا گوركىي، پۇشكىن، ھەمىد

① سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئايروپىلانلارغا ئۇلارنى لايىھىلىگۈچى ئالىملارنىڭ ناملىرى بېرىلگەن: «تۇ» (تۇپولېۋ)، «ئىل» (ئىليۇشىن)، «ياك» (ياكوۋلېۋ) ۋە باشقىلار.

ئالىمجان، ھەمزە ھەكىمزادە نىيازى قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچى - شائىرلارنىڭ، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان تۇنجى ئۆزبېك گېنېرالى سابىر رەخىمۇۋنىڭ ناملىرى بېرىلگەن. بۇ ئىستانسىلارنىڭ ياسىلىش شەكلى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن زىننەت نەقىشلىرى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماي، ئورنىتىلغان ئېلېكتر چىراغلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۆزئارا شەكلى كۆرۈنۈشى، زىننەتلىنىشى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئىستانسىلار زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر بىلەن جاھازلانغان، سەپەر قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق، ئۇلار شۇ قەدەر پاكىزە تۇتۇلغانكى، مەرمەر تاش يېپىتىلغان پوللىرىدا ئادەم ئۆز ئەكسىنى كۆرەلەيدۇ، دېسە، مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ئىستانسىنىڭ كىرىش جايىغا ئاپتوماتىك گېزىت سېتىش ساندۇقلىرى قويۇلغان. ھەر بىر گېزىت ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ئورنىتىلغان ئەنە شۇ ساندۇقلارغا تەڭگە پۇللارنى سالغان ھامان گېزىت ئۆزلۈكىدىن خېرىدارنىڭ قولىغا چىقىدۇ. بۇ يەردە يەنە تاملارغا بىر قاتار ئاپتوماتىك تېلېفونلار بېكىتىلگەن. يولۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا خالىغان ئادرېسقا تېلېفون بېرەلەيدۇ. بىلەت تەكشۈرۈش ئېغىزىغا يېقىن يەردىكى تاملارغا بىر نەچچە كىچىك تۆمۈر ساندۇقلار ئورنىتىلغان. ئۇلاردىكى «10»، «15»، «20» دېگەنگە ئوخشاش رەقەملەر ئېلېكتر چىرىغى نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ. يولۇچىلارنىڭ قولىدا بەش تىيىنلىك پارچە تەڭگە بولمىسا، قولىدىكى باشقا تەڭگىلىرىنى كۆرسىتىلگەن ساندۇقلارغا تاشلايدۇ. ساندۇقلار ئاپتوماتىك يوسۇندا تەڭگىلەرنى بەش تىيىنلىكتىن قىلىپ پارچىلاپ چىقىرىپ بېرىدۇ. ئىستانسىغا كىرىش ئېغىزىدا يەرگە ئۇزۇنچاق تۆمۈر ساندۇقلار قويۇلغان. يولۇچىلار قولىدىكى بەش تىيىنلىك تەڭگىنى ساندۇققا تاشلىغاندا، دەرھال ساندۇقنىڭ يان تەرىپىدىكى ئىستانسىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىق سىگنالى يانىدۇ. ئەگەر تەڭگە تاشلىمايلا ساندۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدىغانلار بولسا، بىر تۆمۈر تاياقچە ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويىدۇ. ئىستانسىلارنىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئىشىكلىرىدە كۆپ ھاللاردا پەقەت بىر ئادەم نازارەت قىلىش بوتكىسىدا ئولتۇرۇپ، يولۇچىلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. مېترو ۋاگونلىرى چىرايلىق ۋە ئەپلىك ياسالغان. ھەر بىر ۋاگوندا قېرىلار ۋە بالىلىق ئاياللار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئورۇنلار بار. بۇ ۋاگونلاردا سەپەر قىلىش كىشىگە ھۇزۇر - ئارام بېغىشلايدۇ. مېترودا مەيلى بىر بېكەت بولسۇن ياكى ئاخىرقى بېكەتكىچە بولسۇن بىلەت باھاسى ئوخشاشلا بەش تىيىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق ياخشى پويىزدا تاشكەنتنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بەش تىيىنلىك بىلەت بىلەن بارغىلى بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ قاتناش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەر يىلى كۆپ مىقداردا «ۋولگا»، «موسكۋىچ»، «ژىگۇلى»، «نىۋا» قاتارلىق پىكاپلار ئىشلەپچىقىرىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسەن پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان «زىل»، «چايكا» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارمۇ بار. بۇ پىكاپلارنىڭ بىر قىسمى «تاكسى» شىركەتلىرى ئۈچۈن بېرىلسە، يەنىلا كۆپ قىسمى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلمەكتە. شۇڭلاشقا، مەيلى شەھەرلەردە، مەيلى يېزا - قىشلاقلاردا بولسۇن شەخسلەرنىڭ پىكاپلىرى قەدەمدە بىر دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ

ئەكسىچە، ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭ دۆلەت پۇلىغا سېتىۋالغان پىكاپلىرى ناھايىتى ئاز سانلىق ئىگىلەيدۇ. مۇنداق پىكاپلار شۇ ئىدارە - ئورگاننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگىلا بېرىلىدۇ. يەنە كېلىپ شۇ ئىدارە - ئورگاننىڭ دۆلەت ھېسابىغا پىكاپ سېتىۋېلىشىغا شەرتى توشسا!

2 مىليون 200 مىڭ كىشىلىك نوپۇسقا ئىگە تاشكەنتتە مېترودىن تاشقىرى ترامۋاي، ترالليبۇس ۋە ئاپتوبۇس لىنىيىلىرى ئىشلەيدۇ. بۇلارغا كىرا پىكاپلىرىنى قوشقاندا بۇ ئىنتايىن چوڭ رەقەمنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭدىمۇ ئۇلار خەلققە تېخىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بارغان كىشىنىڭ ئەڭ ئالدىن كۆزگە چۈشىدىغىنى ئائىلىلەرنىڭ ئاساسەن تېلېفونلاشقانلىقى، بۇلار سىمسىز تېلېفونلار بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ھەممە جاي بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولىدۇ. تېلېفوننىڭ ئومۇملاشقانلىقى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. مۇنداق تېلېفون تورى شەھەرلەردىلا ئەمەس، بەلكى چەت رايونلارغىچىمۇ كېڭەيمەكتە.

خەت - ئالاقە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كونۋېرتلار دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش بېسىلمايدۇ. بۇ كونۋېرتلار ھەم رەڭدار، ھەم چىرايلىق بولۇپ، پات - پات يېڭىلاپ تۇرۇلىدۇ. كونۋېرتلارنى باسقاندا پوچتا ماركىسىنىمۇ بىللە باسىدۇ. كونۋېرتلارنىڭ ئۆزلىرىدە شۇلىمى بولىدۇ. بۇ كونۋېرتلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماركىسى بەش تىيىنلىك. بۇلار ئاساسەن دۆلەت ئىچىگە ئەۋەتىلىدىغان خەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا توي - تۆكۈن، بايراملاردا كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرلىرىنى تەبرىكلەپ تېلېگرامما ئەۋەتىش، ئاتكىرىتكا يوللاش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. بولۇپمۇ بايراملاردا پوچتا پونكىتلىرى قىزىپ كېتىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاھالىلەر ئۈچۈن سېلىنغان بىنالارنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە قاتار تۆمۈر يەشىكلەر ئورنىتىلغان، بۇ يەشىكلەر يېشىل رەڭدە سىرلانغان، ھەر بىر يەشىككە شۇ بىنانىڭ شۇ دەرىۋازىسى (ئىشىكى)دە ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك نومۇرلىرى يېزىلغان. پوچتىچىلار قايسى ئائىلىنىڭ خەت - چەكلىرى بولسا، شۇ يەشىككە تاشلاپ قويىدۇ. مۇنداق يەشىكلەر شەخسىي ئولتۇراق جايلارنىڭ دەرۋازا ئالدىلىرىدىمۇ بار. بۇ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پوچتىچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن.





# ۋەھىملىك قايىنام

(ھېكايە)

مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا

شىنجاڭدىكى ئۇن قاتناش شىركىتىدىكى شوپۇرلارنىڭ بىر-بىرىنى تونۇمايدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. شوپۇرلار ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھېچقانداق بىر يېرى يات ئەمەس، ھەممىلا يەردە دوست-بۇرادەرلىرى تېپىلىپ تۇرىدۇ، ۋابادا ماشىنىسى كۈتۈلمىگەن چەت بىر يەردە بۇزۇلۇپ قالسا، باشقا ھەر قانداق بىر شوپۇر ماشىنىسىنى توختىتىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىنى رېمونت قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ، سۇيىنى تەڭ ئىچىشىدۇ، نېنىنى تەڭ يېيىشىدۇ، تاماكىسىنى تەڭ چېكىشىدۇ. گويا ئۇلار بىر ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ مېھرىبان باللىرىغا ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن خېلى يىللار كۆرۈشمىسىمۇ ئۇنتۇشمايدۇ. بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ئۇزۇن يوللار خۇددى ھارارەتلىك يۈرەكنىڭ ئۈزۈلمەس قان تومۇرلىرىغا ئوخشاش شوپۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرغان. ئاھ، شۇ تۈگىمەس يوللار، شەھەرلەر، بوستانلىقلار، خەتەرلىك تاغ قاپتاللىرى، پايانسىز چۆللۈكلەر، گىياھسىز دەشتى-قۇملۇقلار... شوپۇرلارنىڭ پېشانىسىگە، كەچمىش سەھىپىلىرىگە قايسى قىسمەت، سەرگۈزەشتىلەرنى يازمىدى؟ ئۇلار شوپۇرلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە، كۆز ياشلىرىغا ئورتاق...

1

ئەنە... داخىيەنىڭ ئوتتەك قىزىق ئاپتىپىدا، نەپەسنى كۆيدۈرگۈچى ئىنچىق ھاۋاسىدا تاماقلىرى قاغجىراپ، يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلانغان ئوت-چۆپتەك سولاشقان ھالدا، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان شېخىللىقتا لەلەڭشىپ يۈرگەن شوپۇرلار. ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، يۈز-كۆزلىرى نەچچە كۈن يۇمىغاندەك مەينەتلىشكەن، كىر ھەم مايدىن پاسكىنىلىشىپ، ئاچچىق تەردىن شور ئۆرلەپ كەتكەن كۆڭلەك، ئىشتانلىرى يىرتىلغان-تىتىلغان...

ئۇلار گويا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەرەپ-تەرەپكە يېتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەردەك سولغۇن، چۈشكۈن، كۈلكە-شادلىق ئەبەدىي يوقالغاندەك كۆرۈنىدىغان تاتىراڭغۇ چىرايلىرىدا، ئۇرا كۆزلىرىدە بىر ئىچكى غەم، تەشۋىش، ئازاب ۋە ھەسرەت قېتىپ قالغان. ئۇلارنىڭ داخىيەندە يوك ساقلاپ ياتقىنىغا ئالدىغا ئىككى ئاي، كېيىنكىگە يىگىرمە كۈن بولدى. بۇ، شوپۇرلۇقنىڭ كاساتلاشقان پەيتى ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا يوك بەلگىلىگۈچىنىڭ ئىلتىپاتىغا سېغىنىپ، ئاغزىغا قاراپ ياتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە يوك بەلگىلىگۈچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىنى چۆگىلەپ كېتەلمەيتتى. ئىشخانىدىكى تېلېفوننىڭ «جىرىڭ» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئىشخانىغا ئېتىلىپ كىرەتتى-دە، خۇددى ئۇۋىسىدا ئاچ قالغان قۇش چۈجىلىرىدەك بوينىنى سوزۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ تۇرغان يوك بەلگىلىگۈچىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ، يۈرەكلىرى دۇپۇلداپ كېتەتتى.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى ئەلۋەتتە يوكتىن بىشارەت ئىدى. يوك بەلگىلىگۈچى تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، ئەتراپىدىكى شوپۇرلارغا كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ قوياتتى-دە:

— پالانى شىركەتنىڭ پالانى نومۇرلۇق ماشىنىسى بارمۇ؟ — دەيتتى ۋە شۇلارغا يوك تالونىنى كېسىپ بېرەتتى-دە، ئىش تامام بولاتتى. قالغان شوپۇرلار لاسىدە بوشىشىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن، سولاشقان ھالدا ئىشخانىدىن چىقاتتى. ئاندىن بىرلىرى ياتاققا كىرىپ قارتا ئويناشقا باشلايتتى، بىرلىرى ئاشخانىغا كىرىپ ھاراق ئىچىشەتتى... ئۇلار ئەنە شۇنداق قىلىپ يۈرىكىدىكى دەردىنى باساتتى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

كەچ كىرگەن، كۈندۈزدىكى مېڭىنى قايناتقىدەك پىژغىرىم ئىسسىق پەسىيىپ، ئەتراپ سالقىنلاشقان پەيت ئىدى. نەلەرنىدۇر ئايلىنىپ، ياتاققا كىرىپ كەلگەن غۇلام بىر پارچە كونا گېزىتنى يۈزىگە ياپقىنىچە داق ياغاچ كارىۋاتقىلا ئۆزىنى تاشلاپ، ئوڭدىسىچە سونايلىنىپ ياتقان بىرسىنى تۈرتۈپ، تۆۋلىدى:

— شياۋتاڭ... قوپە! كۈن ئولتۇرماي تۇرۇپلا، توخۇدەك قونداققا چىقىۋالغىنىڭنىسى قارا.

شياۋتاڭ — ئوتتۇز بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى سالپىيىپ، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن شوپۇر ئۇيقىلىق كۆزلىرىنى ئېچىپ، بېشىدىكى غۇلامغا قاراپ قويدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇنىچە ئەسنىدى، ئىككى جەينىكىنى كۆتۈرۈپ كېرىلىپ قويدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ چۈشتا چېقىپ قىزارغان قورساقلىرىنى تاتىلاۋېتىپ.

— بىر مەسلىھەت... قارا... — غۇلام ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — يوك بەلگىلىگۈچىنىڭ يېنىغا يەنە بىر كىرىپ باقساق...

—مەن كىرمەيمەن، خالىساڭ ئۆزۈڭ كىر،— دېدى شىياۋتاڭ تەتۈر قاراپ.— كىچىك بالىدەك سۆزلەيدىكەنسەن، نەچچە قېتىم كۆردۈڭغۇ ئۇنىڭ سۆرۈن تەرىنى.

غۇلام قېلىن قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى.— قىزىقشا، بىر ئامالىنى قىلالىدىمەن-دە،— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بايا قاراپ تۇرسام ئۇنىڭلار ماشىنا ئوغۇت بېسىپ چىقتى.

— شۇنداق... ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ پەيى بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا قاچانلا كەلسە يۈك چىقىۋېرىدۇ. بىزنىڭ شىركىتىنگچۇ؟ — شىياۋتاڭنىڭ غەمكىن كۆزلىرى بىر ئىنچىكە ھەسرەت بىلەن چاقناپ كەتتى،— بولدىلا، ئىچىمىز ئېچىشىدىغان بۇ گەپلەرنى قويايلى، تاماكاڭ بارمۇ؟

غۇلام شىمىنىڭ يانچۇقىنى قېقىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىت قەغىزىگە بىر ئورام تاماكا قۇيدى.

— يۈكنىڭ چارىسىنى شىركەت قىلمىسا، ئۆزىمىز قىلالايلى.

— نېمەڭ بىلەن؟ — شىياۋتاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— شۇڭا بىر مەسلىھەت قىلالىلى دەيمەن - دە، پۇل مەندىن بولسۇن. پەقەت سەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ يېلىنساڭلا بولغىنى. نېمىلا دېگەن بىلەن سىلەر بىر تىللىق ئەمەسمۇ؟

شىياۋتاڭنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ، ئالدىدىكى خۇددى ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسىدەك ئېگىز، قامەتلىك، ئارتىسلاردەك خۇشپىچىم، چىرايلىق يىگىتكە چوڭقۇر مېھىر ۋە ھەمدەردلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. ئۇ، بۇ يىل ئوتتۇزلارغا يېقىنلاپ قالغان، ئەمما ئۇنى ھازىرغىچە توي قىلمىغان دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟ ئۇنىڭ ئەھۋالى شىياۋتاڭغا بەش قولدەك ئايان. ئۇ، رولغا بىرلا يېپىشۋالسا، ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا بىر كۈندە يەتمەي قويمايدۇ. ئۇ ئۇيقۇسى كەلگەندە ماشىنىنى يولنىڭ بىخەتەر جايىغا توختىتىپ قويۇپ، رولغا پېشانىسىنى تىرىگىنىچە بەش مىنۇتلا كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدۇ - دە، بىر كېچىلىك ئۇيقۇسى شۇنىڭ بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە شوپۇرلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە يول مېڭىشتىن قورقىدۇ.

غۇلامنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشلاردىكى پەيزىمۇ ئاجايىپ. ئۇ گىتار چالغاندا، ناخشا ئېيتقاندا، ئۇسسۇل ئوينىغاندا شوپۇرلار ھاياجانلىنىپ: «قويغىنا غۇلام، سەن نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق تالانتىڭ بىلەن بىرەر سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىسلىق قىلماي، بىزدەك ماي چاپان - قاسماق شوپۇر بولۇشنى خالاپ قالغان بولغىيدىڭ؟ ...» دەپ باش چايقىشىدۇ. غۇلام ئۇلارنىڭ چاقچاق ئارىلاش ئۆكۈنۈشلىرىگە پەقەت ئۈنسىز كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ خالاس. ئۇ، شۇ كېچىدىكى ئويۇننى بولۇشىچە ئويناپ، ھاراقنىمۇ بولۇشىچە ئىچىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە گويا ئاخشام ھېچ ئىش بولمىغاندەك ماشىنىسىنى بەھۇزۇر ھەيدەپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق تېنىم تاپماي، جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلىشىنىڭ سەۋەبىنى پەقەت شىياۋتاڭلا ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. شىياۋتاڭنىڭ زېممىسىگە گەنسۇنىڭ تاغلىق يېزىسىدىكى قېرى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆيىدىكى خوتۇن - باللىرىنى بېقىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك چۈشكەن بولسا، غۇلامنىڭ زېممىسىگىمۇ ئۆيىدىكى ئاغرىقچان ئانىسى بىلەن دادىسىز يېتىم ئۇكا - سىڭىللىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى چۈشكەن. غۇلامنى مۇشۇنداق تېنىم تاپماي كېچە - كۈندۈز ئىشلەشكە مەجبۇر قىلغان نەرسە يالغۇز ئۆي غېمىلا ئەمەس. ئۇنى چىدام ۋە سەۋرى -

تاقەت بىلەن بەش يىلدىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن چىرايلىق قىز ساجىدەنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمۇ بار....

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پۇل، خېلى كۆپ پۇل لازىم. ئەمما قېرىشقاندەك، ئايلىق ۋەزىپە تۇشەمسا كاماندىروپكا پۇلى توكۇل، ئايلىق ئىش ھەققىنىڭمۇ قولىغا تۇزۇك تەگمەسلىكى شوپۇرلارنى زار-زار قاقشاتسا، بۈگۈنكىدەك تۇشۇيدىغان يۈكنىڭ يوقلۇقى، ئۇلارنى شوپۇر بولغانلىغا مىڭ تويغۇزاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە يېتەرلىك يۈك تېپىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يۈك بەلگىلىگۈچىنىڭ كېلىشىغا بىرنەرسە ئۇرۇش كېرەك. شياۋتاڭ غۇلامنىڭ تويلۇق ئېلىش ئۈچۈن خېلى ئايلاردىن بېرى ئاز-ئازدىن تېجەپ يىغقان پۇلىنى ئەمدى لەكتە يۈك بەلگىلىگۈچىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى-دە، بېشىنى چايقاپ:

— قوي-قوي، ھېلىقى پۇلۇڭنى خەجلىسەم دېسەڭمۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ باقايلى، يۈك ساقلاپ ياتقان سەن بىلەن مەنلا ئەمەسقۇ بۇ يەردە، — دېدى.

— مەن مۇشۇ قېتىم بارسامىلا ئاپامنى بالنىتسىدا ياتقۇزۇاي دېگەن، — غۇلامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلىنى، كاردىۋاتتىن چۈشەلمەي ياتقىنىچە قالغان بىچارە ئاپام... نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ سىڭىللىرىمغۇ مەيلى، ئۇكىلىرىم بەك يامان...

— ئۇ چوشقا پۇلنى يەۋېلىپلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالسىچۇ؟

— قولىغا ئالىدىمۇ، يۈكنىڭ پۈتكىنى شۇ، يۈك بەرمەي ھەددى ئەمەس.

— شۇنداق قىلىپ، تويلۇققا ئاتىغان پۇلۇڭنى ھارام يېگۈزۈۋېتىمىزمۇ ئەمدى؟

— مەيلى، نېمە ئىلاج؟ — غۇلام شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن ئەردە بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن پۇلنى ئېلىپ شياۋتاڭغا ئۇزاتتى، — 200 يۈەن.

شياۋتاڭ خورسىنغان ھالدا پۇلنى قولىغا ئالدى:

— پۇلنى پۇل پېتىچە بېرىسەك بولارمۇ، ياكى بىرنەرسە ئالغىنىمىز ياخشىمىدۇ؟

— بۇ چۆلدە ئۇنىڭغا يارىغۇدەك نېمىنىمۇ تاپارمىز دەيسەن؟

— مەيلى ئەمىسە، — شياۋتاڭ ئوراپ، تېخىچە چەكمەي ئولتۇرغان تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىر-ئىككى شورىدى-دە، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، يۈك بەلگىلىگۈچىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

قاتما چىراي، تاقىر باش، قاپىقى يامان، يېشى 50 لەردىن ھالقىغان بۇ ۋەجىك، پاكار ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ چۈجىدەك بىچارە جېنىغا قارىماي داخىيەن ۋوكزالىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن يۈكنىڭ زالىم خوجايىنى. ئۇ، ئالدىغا ئۈمىد، ئىلتىجا بىلەن يېلىنىپ كەلگەن شوپۇرلارنى ھويلىسىدا روكۇلداپ يۈرگەن كۈزۈك توخۇسىچىلىك كۆرمەيدۇ. لېكىن ئۇ بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە شياۋتاڭنى ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلىسى بىلەن قارشى ئالدى. كالىلىسى تالاي قايناملاردا قايناپ پىشىپ كەتكەن بۇ ھىيلىگەر قاقباشنىڭ قىسىق، ئەمما تەجرىبىلىك كۆزلىرى شياۋتاڭنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئاللىقاچان كۆرۈپ بولغانىدى. ئۇ، ئىشىك يېنىدىكى ئوچاقتا سەي قورۇۋاتاتتى.

— كەل، كەل، قېنى ئۆيگە كىر، مانا مەن ھازىرلا... — دېدى ئۇ مىلەگىزنى قايرىپ، — ھاممىچاڭ ياغ پۇسىدىن كۆڭلى ئايىنىيدىغان بولۇپ قالدى، مانا مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىق.

www.uyghurkitap.com

شىياۋتاڭ ئۆيىگە كىرىپلا ئىچمىغان تونخۇ مايقىنىڭ كۆپىيىدە بۇرنىغا ئۇرۇلۇشىدىن سەسكىنىپ كەتتى. ئۆي ئىچى قالايمىقان، يوتقان - كۆرپىلەر يىغىلمىغان، كىيىم - كېچەكلەر، لاتا - پۇتىلار ھەممە يەرگە چېچىلغان. ئۆي ئىچىگە قويۇۋېتىلگەن ئۈچ - تۆت توخۇ شىرە ئاستىدا مۈگدىشىپ تۇراتتى. بۇلۇڭدا بىر خاۋازا ئىت كاراسلىتىپ سۆڭەك غاجاۋاتاتتى. شىياۋتاڭ نەدە ئولتۇرۇشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى: شۇ چاغدا يوك بەلگىلىگۈچى قولىنى ئالدىدىكى كونا، يىرتىق پەشتامىنىغا سۈرتكىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

«ھىيلىگەر ئەبلەخ، — ئىچىدە تىللاشقا باشلىدى شىياۋتاڭ، — ئۆزىنىڭ شىركەتلىرىنىمۇ، شويۇزلارنىمۇ ئېلىۋاتقان سان - ساناقسىز پارا، خىيانەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئەتەي مۇشۇنداق دىۋانە قىياپەتكە كىرىۋالغان...»

— تاماق يېدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ شىياۋتاڭنىڭ يېنىغا بىر ئەبجەخ ئورۇندۇقنى قويۇۋېتىپ، — قېنى ئولتۇر، تارتىنما — ھە.

— تاماق يېدىم، رەھمەت، — شىياۋتاڭ زورغا كۈلۈمسىرىدى، — سىز تامىقىڭىزنى بەھۇزۇر يەۋېرىڭ. مەن قېشىڭىزغا قۇرۇقلا كىرىپ قالدىم. مۇنداقچە... — ئۇ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى، — ئاز بولسىمۇ ئۇستام...

شىياۋتاڭ بۇنداق ئىش ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولغان بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقىنىنى ئۈچۈن، ئۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن چوقۇم تولۇزۇت قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن يوك بەلگىلىگۈچى پۇلنى ئالمان - تالمان ئالدى - دە، ساناشقا باشلىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى - دە، ئۇكا، — ئۇ، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، — بۇلەرگە يوك ھەل قىلىش ئۈچۈن زاۋۇت باشلىقلىرىغا، يۆتكەش ئۈچۈن پويىز باشلىقلىرىغا پۇل خەجلىشىم كېرەك. بۇرۇنقى پىلان كۆرسەتكۈچى، تۇتاش يۆتكەش دېگەنلەر ھازىر ئەخلەتخانىغا چۆرۈۋېتىلدى، دېگىنە. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پادىشاھ. تاماققىچە ئولتۇرمامسەن؟ مەيلى ئەمىسە. ئەتە ئەتىگەندە ئالدىمغا كىرگىن. تۆت تونىنا ئۇغۇت، ئاقسۇغا تارتىسەن.

— بىز ئىككى ماشىنا، ئۇستام، بىر ئىلتىمپات قىلسىڭىز.

— ئەستا...، — يوك بەلگىلىگۈچىنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىدى، — زادى مۇشۇنداق ئىشەكلار بارچۇ سىلەرنىڭ. بولدى، ئۆزۈڭنىڭكىنى بىل، تېخى مۇشۇنىڭغا شۈكرى قىلساڭ بولىدۇ.

ئىككىسى خېلىغىچە تارتىشتى. يەنىلا پۇلنىڭ قۇدرىتى غالىب كەلدى. شىياۋتاڭ كېيىنكى قېتىم چوقۇم قۇرۇق كەلمەيدىغانلىقى، ھېچبولمىغاندا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىدىن بىرەر تاغار ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا - قايتا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئەتە ئەتىگەندە يەتتە تونىنا ئۇغۇتنى ئىككى ماشىنىغا باسىدىغان بولۇپ يېنىپ چىقتى.

... شېغىللىق ساي، تاقىر تاغ ئارىسى، پايانسىز چۆل ... يىلانباغىرى سوزۇلغان قارامتۇل ئاسفالت يولدىكى ماشىنىلار قاتارىدا غۇلام بىلەن شىياۋتاڭنىڭ ماشىنىسى غۇيۇلداپ ئۇچماقتا. بۇ ماشىنىلارغا ئۇغۇت ئەمەس گويا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك خۇشاللىق بېسىلغاندەك، ئىككىيلەن چەكسىز شادىمانلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ئەس - ھوشىنى يوقىتىشقان. ئۇلار كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ مېڭىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۆز

كالونغا يېتىپ كېلىشتى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە كالون باشلىقى سىيىت دۈيجاڭ ئىككىسىنى غەزەپلىك چىرايى، قەھىرلىك ۋارقىراشلىرى بىلەن قارشى ئالدى.

— بويىنىنى باغلىمىغان ئېشەكتەك ئىككى ئاي يوقاپ كېتىپ ئەمدى كەلدىڭلارمۇ، ھە؟ نەرەڭلار شوپۇرغا ئوخشايدۇ سىلەرنىڭ؟

— ئەتىگەندە ئۇنداق ئازار قىلماڭ، — دېدى غولام ئۆزىنى تەستە بېسىپ، — بەڭگىدەك چېچىلماي، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ سۆزلىمەمسىز. ئىككى ئاي يوقاپ كەتكەنلەر يالغۇز بىزلا ئەمەس، باشقىلار داخىيەندە يۈك ساقلاپ، ھېلىمۇ ئېتىنىڭ كونىسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

سىيىت دۈيجاڭنىڭ «بەڭگە» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. ئۇ، غولامنىڭ بۇ ئاھانىتىگە چىدىيالماي، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— نېمە دېمەكچىسەن مەلئۇن! — ۋارقىرىدى ئۇ تومۇردەك قارىداپ، — ماشىنا ھەيدەشكە كۆتۈڭ چىدىمىسا، ئاچقۇچنى تاپشۇر!

غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن غولامنىڭ نەزەرىدە سىيىت دۈيجاڭنى ئەمدى ياخشىراق ئەدەبلەپ قويۇشنىڭ نۆۋىتى كەلگەنىدى. بۇنى شىياۋتاڭ دەرھال بايقىدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ سىيىت دۈيجاڭ، — دېدى ئۇ ئارىغا كىرىپ، — ئۆزىڭىزمۇ شوپۇرلۇقتىن ئۆسكەنسىز، ئەمەلىيەتتە بىزنى ئىت - ئېشەكتىن خار كۆرۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ - دە، — ئۇ غولامنىڭ بىلىكىدىن سۆرەپ تارتتى، — بۇياققا ئۆت. جۈر، كىرىپ چاي ئىچىۋالايلى.

دىلى ئازار يەپ، كۆڭلى غەشقىدە بولغان بۇ ئىككىيلەن بىر چىشلەم نانمۇ يېمىدى. يولكىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يەنە ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى - دە، ئەتىسى چۈشكە يېقىن قايتىپ كېلىشتى.

— ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىڭلار، — دېدى دەرۋازا يېنىدا كالون بوغالتىرى، چىرايلىق ئايال ياڭجىلەن بىلەن نېمىنىدۇر پاراڭلىشىپ تۇرغان سىيىت دۈيجاڭ ئىككىسىگە قايرىلىپمۇ قارىماي، — غولام سەن كونىسكە، شياۋ تاڭ سەن شىزاڭغا.

— ئىككى كۈن كېچىكىپ مېڭىشقا بولماسمۇ دۈيجاڭ، — دېدى شياۋتاڭ بىر خىل يېلىنغۇچى ئاۋازدا.

— نېمىشقا؟

— غولامىنىڭ ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، بالنىتسىدا ياتقۇزمىسا بولماسمىكىن، مېنىڭمۇ ھېلىقى بالام تامدىن يىقىلىپ ...

— ئەنە مەسە رۇخسەت سوراڭلار، — دېدى سىيىت دۈيجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ماشىنا توختاپ قالسا بولمايدۇ - دە!

غولام بىلەن شياۋتاڭ بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈنسىز قاراپ قېلىشتى. سىيىت دۈيجاڭنىڭ گېپى چۈشىنىشلىك، ئۇ مۇمكىن قەدەر ئىككىسىنى ماشىنىدىن ئايرىۋەتمەكچى. شوپۇرنىڭ ھاياتلىق تىرىكى، جېنى خۇشاللىقى پەقەت ئاشۇ ماشىنىدا. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئەلۋەتتە ئۆز ماشىنىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ماشىنىنىڭ ئالتە پاي چاقى ئايلىنىپلا تۇرسا، شوپۇرغا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ھەممە نەرسە بولاتتى.

— مەيلى...، — دېدى شياۋتاڭ دۇدۇقلاپ، — ئىمىش ھەققىمىزنى ئېلىۋېلىپ يولغا چىقايلى ئەمسىيە.

ياڭ جىلەن قاقاھلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچە زەھەرلىك ھەم مەسخىرىلىك ئىدى. سىيىت دۈيجاڭ سارغۇچ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى:

— قىزىق گەپ بولدى-دە، بۇ ۋەزىپەڭلار تۇشمىسا، نەدىكى ئىش ھەققى؟ ئىلتىماس يېزىپ، قەرز ھېسابىدا پۇل ئېلىڭلار.

سېيىت دۈيجاڭ شۇنداق دېدى-دە، سىرتتىن ھازىرلا كىرگەن ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئىككىلەن سولاشقان، روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيلىرىگە كېتىۋاتقاندا غۇلام بىردىنلا توختاپ، شياۋتاڭغا تۇغرىلاندى:

— سەن راستىنلا ئەتە شىزاڭغا ماڭماقچى بولدۇڭمۇ؟

— نېمە ئىلاج؟ بىر ئۆينىڭ دەردى - دە.

— ئەمىسە خوش، ئاداش!

— بۇ، نېمە دېگىنىڭ؟ بىز يەنە كۆرۈشمەمىزغۇ؟

— مەن... — غۇلامنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى، — ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمەن.

— نېمىشقا، — شياۋتاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بىرەر قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تېپىپ مەدىكار بولماقچىمەن، شوپۇرلۇقنىڭ ئەمدى راستىنلا مەززىسى قالماپتۇ.

— ئەخمەق! — شياۋتاڭ ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىر مۇشت سالدى، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ! بۇ دۇنيادا راستچىللىق، سەمىمىيلىك بىلەن ياشىغىلى بولمىسا، ھارامزادىلىك، ساختىلىق بىلەن ياشايمىز! بۇنى بىزگە مۇشۇ سېيىت دۈيجاڭ، داخىيەندىكى ھېلىقى ئىپلاس چوشقىلار ئۆگەتكەن. نېمىگە قايغۇرىسەن؟ ئەمدى شۇلاردىن ئۆگىنىمىز. مەن كېتىۋېتىشىمدا ئاقسۇدىكى ئاشلىق سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قەشقەر، خوتەنگە گۈرۈچ تارتىمەن. سەن بولغان كەچتىلا كەلگەنسىگە مېۋە - چېۋە يۆتكەيدىغانلارنى ئىزدەپ تاپ.

سەن ئاپاڭ، ئۇكا - سىڭىللىرىڭ ئۈچۈن، ساجىدە ئۈچۈن روھىڭنى مەھكەم تۇتۇشۇڭ كېرەك ئاداش!

غۇلام ئۈنچىقمىدى.

2

كۆلەس ئورمانچىلىق مەيدانىدا غۇلامنىڭ ياغاچ باسالماي ياتقىنىغا ئون يەتتە كۈن بولدى.

يىگىرمىدەك شوپۇرلار ياغاچ ئۆيدە زومچەك-زومچەك بولۇشۇپ، بىرلىرى ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى، بىرلىرى پۇل تىكىشىپ قارتا ئويناشىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىككى شوپۇر تۇساتتىن پۇل تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. قاراقۇمچاق، چوڭغى كىچىكرەك ياش شوپۇر ئالدىدىكى سېمىز، يۈزلىرى قىپ-قىزىل ئوتتۇرا ياش شوپۇرنى:

— سەن ئالدىدا يەتتە بولغان، ھازىر سەككىز بولدۇڭ، — دېسە، سېمىز شوپۇر:

— كۆزۈڭ نەگە كەتتى؟ بايا ئالتە بولغان، ھازىر يەتتە بولدۇم، — دەيتتى. ئۇلار گەپ تالىشىشتىن تىللىشىشقا ئۆتتى. ئاخىرى مۇشتلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار گويا غالجىر تەگكەن ئىتتەك بىر - بىرىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تىپتىنچ ئۆيدە بىردىنلا ئالاتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شوپۇرلارنىڭ بەزىلىرى قاراقۇمچاق يىگىتنىڭ تەرىپىنى ئالسا، بەزىلىرى سېمىز شوپۇرنىڭ گېپىنى توغرا دەيتتى. بۇ ئورمانلىقتا ھەپتە، ئايلاپ يېتىۋېرىپ زېرىككەن، قوللىرى قىچىشىپ تۇرغان شوپۇرلار ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. تېخى بايىلا ئويۇن - چاقچاق بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشقان شوپۇرلار ئەمدى بىردىنلا بىر - بىرىنى چايناپ يۇتۇۋېتىشكە تەييارلانغان قەھرلىك يولۋاسقا ئايلانغانىدى. بىرلىرى قولىغا پالتا، چەيدو

ئالغان، بىرلىرىنىڭ قولىدا سۇنۇق بەندىگە-نىڭ پۇتلىرى تۇراتتى. «ئۇر - يىقىت» باش-لىنىپ كەتتى.

ئېگىز بويلۇق، تەتۈر ئۇستىخان، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىرسى قولىغا ماشىنىنىڭ تورمۇز شىلانكىسىنى ئېلىۋالغان بولۇپ، تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ - تۆت شوپۇرنى ئۇرۇپ يىقىتتى...

شۇ چاغدا سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەل-گەن غۇلام ئۇلارغا ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋار-قىرىدى:

— توختاڭلار! نېمە ئىش بۇ؟ توختاش دې-مەن ئىتنىڭ بالىلىرى! قاسىم ماشىنا ئاستىدا ئىڭراپ ياتسا سىلەرگە نېمە ئويۇن؟!

شوپۇرلار مۇشتلىشىشتىن توختىدى. ھەممە-سى ياردار بولۇۋاسقەك ھاسىرايتتى، بىرلىرىدە-نىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، بىرلىرىنىڭ چېكە-سى يېرىلغان، بىرلىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنى-دىن قان ئېقىۋاتاتتى.

— نېمە تۇرىسىلەر، بولما سىلەر! — غۇلام ئۇلارغا غەزەپتىن بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى، — قاسىمنىڭ ماشىنىسى داۋاندىن چۈشكىچە تېيىلىپ كېتىپ ئازگالغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. قاسىم كابىنكا ئىچىدە قاپتۇ!

— جۇرۇڭلار ئەمىسە! — ھەممىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخان شوپۇر قولىدىكى تورمۇز شىلانكىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ تالاغا ئېتىلدى. شوپۇرلار گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، غۇلامنىڭ ماشىنىسىغا يامىشىپ چىقىشىپ داۋانغا يول ئېلىپ كەتتى.

شوپۇرلار ئاجايىپ، بىر ماشىنىنىڭ بۇ-زۇلۇپ يولدا توختاپ قېلىشى، ياكى خەتەرگە يولۇقۇشى ئۇلار ئۈچۈن باشقىچە بىر ئىش. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبىگىمۇ مۇشۇنداق پەيتتە ياردەم قولىنى سوزۇشقا ئادەتلەنگەن.

ئەنە... ئۇلار بايىقى سارالڭ، لوكچەك-لەرچە قىلمىشلىرىنى ئالماقچان ئۇنتۇشۇپ، ماشىنىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ، تاماكىسىنى تەڭ تۇتۇشۇپ چېكىشىپ، گاھ تىللىشىپ، گاھ ئەڭ قەبىھ سەت چاقچاقلار بىلەن كۈلۈشۈپ تاغ يولىدا كېتىشىۋاتماقتا. ئۇلار بىر سائەت-تەك يول يۈرۈپ، ماشىنا ئۆرۈلگەن يەرگە يېتىپ كەلدى - دە، ئالدى بىلەن قاسىمنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. قاسىم ھوشسىزلانغان، چېكىسىدىن، ئوڭ يوتىسىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى. غۇلام ئۇنى جۇۋىسىغا ئوراپ ۋە بىر نەچچە شوپۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن كۆتۈرۈپ ماشىنىسىغا بېسىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. قالغان شوپۇرلار قاسىمنىڭ ماشىنىسىنى ئازگالدىن تارتىپ چىقىرىشقا مەسئۇل بولۇپ شۇ يەردە قېلىشتى...

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى، خەيرىيەت، ئونبىرىنچى كۈنى غۇلامغا ياغاچ بېسىش نۆۋىتى كەلدى. ياغاچ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىكچىلىك كاپالە-تى، ئۇنىڭغا خۇشاللىق، بەخت ۋە سۆيگۈ ۋىسالىنى بەخش ئەتكۈچى ھەممەت مەنبەسى ئىدى. ئۇ، چۈشكە يېقىن يولغا چىقتى: باغرى-دا ئاقۇش بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرغان تۇمانلىق داۋاندىن پەم بىلەن چۈشۈۋالدى - دە، كۆك-سىنى تولدۇرۇپ يېنىككىنە نەپەس ئالدى.

... ئاسمانپەلەك ئېگىز تاغلار ئەمدى يىراقتا قالغان، لېكىن ئۇنىڭ ئاقۇش بۇلۇت-لار ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ھەيۋەت چوققىلىرى ھېلىمۇ يېنىكدىلا تۇرغاندەك سۇر-لۇك كۆرۈنەتتى... ماشىنا تاقىر سايلىقلارنى، شورلۇقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئوپۇقتا

كىرەرسەن. كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرەخلىققە يېقىنلاشقانسېرى، غۇلامنىڭ يۈرىكى باشقىچە شېرىن بىر تۇيغۇ بىلەن دۈپۈلدەپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تاڭ چولپىنىدەك نۇرلۇق بىر سىما... ساجىدە... قىز ئاخىرقى قېتىم ئايسىز قاراڭغۇ ئاخشىمى غۇلامنى ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالغانىدىن بېرى، مانا ئۈچ ئاي بولدى؛ ئۇلار دىدار كۆرۈشكىنى يوق. غۇلام ئۆتكەندە داخىيىسىدىن ئوغۇت يېسىپ كەلگەن ئاخشىمى ساجىدەنى ئىزدەپ بارالمىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ ئۆكۈندى. بەك كۆرۈشكۈسى بار ئىدى، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدى؛ سەۋەبى، قىزنىڭ تاراملاپ تۆكۈلىدىغان كۆز ياشلىرىدىن: «ئېيتقىنا غۇلام، تويىنى زادى قىلامدۇق - قىلمامدۇق؟» دەپ رەنجىش بىلەن سوراشلىرىدىن قورقتى. نەدىمۇ توي قىلىشنى خالىمايدىغان يىگىت بولسۇن؟ غۇلامچە بولغاندا ئۇنىڭ بەش يىل بۇرۇنلا قىلغۇسى بار ئىدى. ئەمما قولىنىڭ قىسقىلىقى، يانچۇقىنىڭ قۇرۇقلۇقى، ئۇنى مۇشۇنداق توي قەرەلىنى سوزۇۋېرىشكە مەجبۇر قىلغان. ئاھ، ساجىدە... ئۇ، غۇلامنىڭ كالىدەك كېچە - كۈندۈز ئىشلەۋېتىپمۇ، قولىنىڭ تۈزۈككىنە پۇل كۆرەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى! ياق... ساددا قىز ئۇ تەرەپلىرىنى بىلمەيدۇ! «بىچارە قىز...» ــ غۇلام كۆزى يولدا، قولى رولدا، ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى، ــ قىز ئۈچۈن بىر يىگىتنى بەش يىل كۈتمەك ئاسانمۇ، ياق. بۇ قېتىم بارغىنىمدا پۇلنىڭ بىر ئامالىنى قىلىشىم، ساجىدەنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتۇشۇم كېرەك...» كىشى يالغۇز قالغاندا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان مۇشۇنداق تاتلىق خىياللىنىڭ بولغىنىمۇ بەك ياخشى. غۇلام ئۈچۈن ھازىر ساجىدە بىلەن كۆرۈشۈشتىن كۆرە ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىنى ۋە كېيىنكى بەختلىك ئۇچرىشىشلارنى ئەسلەش تولىمۇ راھەت ۋە لەززەتلىك ئىدى. ئاھ، تۇنجى ئۇچرىشىش... ئۇ تولىمۇ تاسادىپىي، لېكىن قورقۇنچلۇق بىر ۋەقەدىن باشلانغان...

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى كەچكۈز كېچىسى. غۇلامنىڭ تاغدىن كۆمۈر بېسىپ قايتىشى بولۇپ، ئەتىگەن باشلانغان كۆك يېغىن ھېلىمۇ توختىمىغانىدى. شىۋىرلاپ يېغىۋاتقان ئۇششاق يامغۇر دانىچىلىرى ماشىنا چىرىغىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا خۇددى رەڭدار تاشلاردەك جىمىرلاپ كۆرۈنەتتى. ئەينەك سۈرتكۈچىنىڭ كابىنكا ئەينىكىنى بىر خىل رىتىمدا سۈرتۈپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، يامغۇرنىڭ ئەينەككە توختاۋسىز ئۇرۇلۇشىدىن، يولنى پەرق ئېتىش قىيىن بولۇۋاتاتتى. غۇلام ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ شەھەرنىڭ ئاسفالتلىق كوچىسىغا كىرىپ كەلدى - دە، ئالدىدا ــ يول چېتىدە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈۋاتقان نامەلۇم بىر نەچچە گەۋدىنى خىرە - شىرە كۆرگەندەك بولدى. ماشىنا ھايال ئۆتمەي ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، قولىدا نېمىنىدۇر كۆتۈرۈۋالغان بىر قىز نېمىنىدۇر دەپ ۋارقىراپ، جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىيلەن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە قىزغا يېتىشىۋالدى - دە، چاپىنى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى چۇلغىۋالدى. غۇلام كېيىنكى ھەرىكەتلەرنى كۆرەلمىدى. ئۇ ماشىنىنى قاتتىق تورمۇزلاپ توختاتقاندىن كېيىن، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

ــ توختاڭلار! نېمە قىلىۋاتىسىلەر ئاغىنىلەر؟

— كۆزۈڭ قىزىرىپ ۋاتامدۇ؟ — غۇلامنىڭ ئالدىغا خاپاكېپاش، ئېگىز، تەتۈر ئۆستىخان بىرسى ھەيۋە بىلەن توغرىلاندى، — يولۇڭغا مالاڭ!

قىز يەنە بىرسىنىڭ قولىدا تولغىناتتى، بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى، نالە قىلىپ يىغلايتتى.

— ئېپلاس! — غۇلام ئالدىدىكىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت سالدى ۋە يەنە بىرسىنى بىر تېپىك بىلەن يىقىتقاندىن كېيىن، ئالدىراپ قىزنىڭ بىلىكىدىن تارتتى، — تېز بولۇڭ، ماشىنىغا چىقىڭ!

— ياق، مېنى قويۇۋېتىڭلار! مېنى قويۇۋېتىڭ، ئاكىچەكلەر! — قىز يۇلقۇناتتى، غۇلامنىڭ قوللىرىنى تاتىلايتتى.

شۇ ئارىدا ھېلىقى ئىككىيلەن غۇلامغا بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلدى، ئەمدى غۇلامنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىدى، ئۇ قايسىدۇر بىرىنىڭ غەزەپ بىلەن ئاتقان مۇشتىنى ئەپچىللىك بىلەن بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇۋەتتى. لېكىن يەنە بىرسىنىڭ بېقىنىغا تەپكەن قاتتىق تېپىكى بىلەن ئېڭ ئىككى مۈك بولۇپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

دەل شۇ چاغدا قەيەردىندۇر كوچا چارلاپ يۈرگەن ساقچىلار كېلىپ قالمىغان بولسا، غۇلامنىڭ ھالى نېمە بولاتتىكىن.

— بۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇچىنىڭ قولىغا كويزا سېلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي ساقچى يېنىدىكىلەرگە.

غۇلام شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كەلدى.

— ۋاي ... ۋاي ... ئۇقۇشماسلىق بولدىغۇ، بۇ؟ مۇنداق ئەھۋال ...، — دېدى ئالدىراپ ئەتراپىغا قاراپ، ئەمما ھېلىقى قىز ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭغىچە يېنىدىكى ساقچى ئۇنى دولىسىدىن قوپاللىق بىلەن ئىتتىردى:

— كاپشىماي ماڭ! سۆزلەپمۇ ھارىسەن

تېخى!

— ماشىنامچۇ؟ — دېدى ئۇ كەينىگە تىرەجەپ. ئەمما ساقچىلار جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇچۇيلەننى قاراڭغۇ كوچىدا قەيەرگىدۇر ھەيدەپ مېڭىشتى ۋە يوغان، ئىككى قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرگۈزۈپ، گۆردەك قاپقاراڭغۇ تار بىر ئۆيگە سولاپ قويۇشتى.

ئۆي ئىچى مۇزدەك سوغۇق ئىدى، ئاللىقانداق بەدبۇي، سېسىق بىر پۇراق كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىمۇ ھۆل، ئۆگزىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يامغۇر بېشىغا چىپىلداپ تامچىيتتى.

— ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ، — دېدى ھېلىقى خاپاكېپاش غودۇڭشۇپ، — ماشىناڭنى ھەيدەپ كېتىۋەرمەمسەن. بىر ئامەتكە ئېرىشەي دەپ ئويلىغان بولغىيدىڭ ... مانا ئامەت ...

غۇلام ئۈنچىقمىدى، ئەمما ئىچىدە خورسىنىپ قويدى. قىزنى قۇتقۇزۇپ قويىمەن دەپ ئۆزىنىڭ بالاغا قالغىنى ئۇچۇن ھېلىقى قىزنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى: «راست، ماشىنامنى ھەيدەپ كېتىۋەرسەممۇ بولغان، ئەسلىدە ھەممە ئەيىب ئاشۇ قىزدا. نېمە قىلىدۇ، كېچىسى يول مېڭىپ ... ئىسىت ئەمدى كېيىنكى تەقدىرىم نېمە بولۇپ كېتەر؟ ساقچىدا يېتىپ چىققان دەپ ماشىنىمنى تارتىۋېلىشىغۇ تۇرغانلا گەپ. ئەڭ يامىنى، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاپامنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن ...؟!»

غۇلام چۆللەردە، تاغ ئارىلىرىدا ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغان چاغلاردا نەچچە كېچىنى مۇشۇنداق ئۇيقۇسىز، توڭلاپ ئۆتكۈزگەن. لېكىن ئۇ كېچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۈگۈنكىدەك ئۇزۇن، كۆڭۈلسىز تۇيۇلمىغانىدى. يېنىدىكى ئىككىسى گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك

ئاللىقاچان خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىشتى. ئېھتىمال بۇلار بۇ ئۆينىڭ كونا ئولپەتلىرى بولسا كېرەك. ئەمما غۇلامنىڭ يۈرىكىنى ئۆينىڭ سوغۇقمۇ، ئۈستىدىن تامچىلاۋاتقان يامغۇرمۇ، ئۆينىڭ نەپەسنى بوغقۇچى سېسىق پۇرىقىمۇ ئەمەس، باشقىچە بىر خىل ھال- نومۇس ئازابى-خۇددى يالمىلداۋاتقان بىر دۆۋە چوغدەك كۆيدۈرەتتى، ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى.

— ئاخشامقى شوپۇر قايسىڭلار؟ — دەپ سورىدى بىر ساقچى ئۆيدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئۈچىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ.

— مەن، — غۇلام قىسمەرلاپ قويدى.

— بۇياققا چىق!

غۇلامنى كارىدوردا ئاخشام قولىغا كويزا سالغان ھېلىقى ئوتتۇرا بوي ساقچى كۈتۈلمىگەندە ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى.

— ئىسمىڭىز غۇلاممۇ؟ رەھمەت سىزگە. سىز بىزنىڭ خېلىدىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ ئىككى لۈكچەك جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈشىمىزگە ياردەملەشتىڭىز. بىز شىركەت رەھبەرلىكى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلارغىمۇ ئۆز مىننەتدارلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

— بۇ، نېمە ئىش؟ — غۇلامنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى، — بىر كېچە سولاپ قويۇسىلەرۇ، يەنە رەھمەت دەيسىلەر!

— شۇنداق بولۇپ قالدى ئۇكا، — ساقچى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى قاقتى، — دېلونىڭ ھەقىقىتى ئېنىقلانغىچە، قىلغان ياخشى ئىشىڭىزنىڭ جاپاسىنى تارتىپ قالمىدىڭانمۇ گەپ. ھېلىمۇ ياخشى، ئاخشام سىز قۇتقۇزغان قىز ئەتىگەندىلا بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، بولمىسا...

— ماشىنام قېنى؟

— خاتىرجەم بولۇڭلا، ماشىنىڭىز سىرتتا.

غۇلام زەردە بىلەن ساقچىغا ھومىيىپ قارىدى.

— ئەمدى كەتسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە... خوش ئەمىسە يولداش غۇلام!

غۇلام ساقچىنىڭ ئۇزاتقان قولىنى سىقىشنىمۇ خالىماي، چوڭ- چوڭ دەسسەپ كوچىغا چىقتى. ماشىنا يول چېتىگە توختىتىپ قويۇلغان، كابىنكا يېنىدا كۆزلىرى چوڭ- چوڭ، قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىز غۇلامغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا شالپەردەك قىزىرىپ.

— سىز كىم بولىسىز؟ — غۇلام توڭلۇق بىلەن سورىدى.

— ئۇنتۇلدىڭىزمۇ؟ ئاخشام ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان قىز مەن ئەمەسمۇ؟

— چىرايىڭىزنى كۆرمەسەم، — دېدى غۇلام غودۇڭشۇپ ۋە كابىنكا ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىغا چىقىشقا تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرۇڭا.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— ياخشىلىققا مىننەتدارلىق- تە. دادام سىز بىلەن كۆرۈشسەم دېۋىدى.

— ۋاقتىم يوق، — غۇلام كابىنكىغا چىقتى، — ئەمما دادىڭىزغا بىر كېپىمنى ئېيتىپ قويۇڭ، ئاخشىمى كوچا سەيلىسىگە چىقىدىغان سىزگە ئوخشاش قىزنىڭ ھوشۇقىنى چېقىشى كېرەك!

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز؟ — قىزنىڭ يۈزىدىكى بايىقى تەبەسسۇم جىلۋىسى ئۆچۈپ، بىردىنلا ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى، — دادام...

پالىنىسىدا يېتىپ قېلىۋېدى، كەچتە دادامغا تاماق ئاپىرىپ بېرىپ، ئۆيگە يېنىپ كېلىۋاتقان.

— ھە ... مۇنداق دە!، — دېدى غۇلام بىردىنلا بوشىشىپ، — ئاخشام مېنى خامتالاشقا سېلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قېچىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟

— قېچىپ كەتمىدىم، قورقىنىمىدىن دەرەخ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان. ئاخشام سىزنى ساقچىلار ھەيدەپ ماڭغاندىمۇ، ئارقاڭلاردىن تاكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغىچە بارغانىدىم.

— سولاقخانىدىن مېنى ئاقلاپ ئېلىپ چىققان سىز ئىكەنسىزدە؟

— بىلمىدىم... لېكىن ئەتىگەندىلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا كېلىپ ئاخشامقى ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتقان.

غۇلام ئاخشامدىن بېرى تارتقان ھەممە خاپىلىقلىرىنى ھەم قىزغا بولغان ئاچچىقىنى ئۇنتۇدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ ئاللىقانداق يېرىدىن قوزغىلىۋاتقان باشقىچە بىر ئىللىق ھېسسىيات بىلەن تىكىلدى:

— مۇنداق دەڭ، ئەمىسە خېلى جىگەرلىك ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋېتىپ، — شۇنداقتىمۇ ئاخشىمى كوچىغا چىققاندا ئاۋايلاڭ... خوش ئەمىسە...

غۇلام ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى...

غۇلام بۇ تاتلىق خىياللىرىنىڭ داۋامىنى يەنە قانچىلىك ئۇزۇن سۈرەتتىكىن، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا چىرىقىنىڭ بىردىنلا ئۆچۈپ قېلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ كاپوتنى ئېچىپ توك يوللىرىنى تەكشۈردى، ھەممىسى ساق ئىدى، بىرھازادىن كېيىن كاشىلىنىڭ فادىيەنجىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن توك چىقماي ۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ فادىيەنجىنى سۆكۈپ نەچچە سائەت ھەپىلەشىپمۇ ئەپلەشكە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن قوشنا كالوننىڭ شوپۇرىدىن كونا فادىيەنجىنى ئارىيەتكە ئالدى-دە، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە كالونغا يېتىپ كەلدى. غۇلام ئەتىسى بۇزۇلغان فادىيەنجىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسكىلاتقا يېتىپ كەلگەندە، ئىسكىلات ئالدىغا بىر توپ شوپۇر ئولىشىۋالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى ھەممىسىنىڭكىدىن چوڭ، پېشقەدەم شوپۇر چېن ئۇستام ئىسكىلاتچى بىلەن زوكۇنلىشىۋاتاتتى:

— بۇ قانداق فادىيەنجى؟ سىزنىڭ تۈنۈگۈن بەرگىنىڭىز راست، ئەمما يېڭى بولغىنى بىلەن توك چىقمىسا، سىلەر زادى قانداق ئۇسكۇنىنى ئالىدىغانلار؟ — دەيتتى ئۇ ئاچچىقلىنىپ. ئىسكىلاتچى ئۇنىڭدىن بەتتەر قاينايتتى:

— شىركەتتىن تارقاتقاننى ئەكەلدىم شۇ، ئۆزۈم ياسىۋالمىدىم، ساقمۇ-بۇزۇقمۇ، مەن نەدىن بىلەي؟

قولىدا بۇزۇلغان فادىيەنجىنى تۇتۇپ تۇرغان يەنە بىر شوپۇر ئىسكىلاتچىنىڭ تەرىپىنى ئالدى:

— دېمىسىمۇ راست، بۇ ئەيىبنى ئەلۋەتتە ئىسكىلاتچىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ھازىر ھەممە نەرسە چالىشىپ كەتتى ئاغىنىلەر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي كالوندا بىكار ياتامدۇق؟ — دېدى چېن ئۇستام بوغۇلۇپ.

— بۇ سوئالنى ماڭا قويماي، دۈيجاڭغا

www.uyghurkitap.com

قوي، بۇرادەر. ئەمما مېنى قىيىنىما، — ئەسكىلاتچى ئىشىكنى تاقىدى. شوپۇرلار غۇدۇڭشىغىنىچە ئارقىسىغا يېنىشتى. غۇلام كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى ھېلىقى ئىسكىلاتچىنىڭ قەرەلىنى ئالغان شوپۇرغا يېتىشىۋالدى.

— ئىسكىلاتچىنى بىر ئاۋارىگەرچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇڭ جۇمۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — بولمىسا چېن ئۇستام ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالاتتى.

— بۇ ئىشنىڭ تەگىنى بىلمەيمەن - دە، — شوپۇر ماختىنىپ، — ئۆتكەندە بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم. شىركەتنىڭ ھېلىقى سايمان سېتىۋالغۇچىسىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ، ئالغان سايماننى سەن بېسىپ كېلىسەن دەپ، ئۇرۇمچىگە مېنى ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇتۇپ قويغان ئۆيى بار ئىكەن. مەن بىر كۈنى كەچتە سايماننىڭ ئىشى قانداق بولىدىكىن، دەپ ئۆيىگە بارغانىدىم. كىم بىلسۇن، ئۇ يەنە ماڭا نامەلۇم ئىككى ئادەم بىلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار شۇنچىلىك مەست بولۇپ كېتىشىپتىكى، مېنىمۇ جوزىغا تەكلىپ قىلىشقاندىن كېيىن، ئېھتىيات - پېھتىيات دېگەن نەرسىنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇپىيانە سودىسىغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھېلىقى ئىككەيلەننىڭ ئىچكىرىنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدىكى كىچىك بىر زاۋۇتتىن شىنجاڭغا ماشىنا سايمانلىرى دوگۇرلاشقىلى كەلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كىمدە كىم بۇ سايمانلارنى سېتىۋالسا، سايمان باھاسىنىڭ ئالتە پىرسەنتى شۇ كىشىگە بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار شۇ كۈنى سودىدا پۈتۈشكەندەك قىلدى. ئەمما ئۇنى مەن مەستچىلىكتە دېيىلگەن گەپ دەپتىمەن. نەدىكىنى؟ ئەتىسىلا

مەن ئۇلارنىڭ يامالىق تېپى قاپتىلىدىكى ئىسكىلاتتىن ھەرشۇ ئەپچەق ئادىيىلىسى بىلەن چىراغ، رادىئاتور... قاتارلىق بىر نەرسىلەرنى بېسىپ كەلسەم بولىدۇ.

غۇلامنىڭ قاپاقلىرى سېلىندى:

— سەن نېمىشقا مۇشۇنچىۋالا زور ناھەق ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، تەشكىلگە ئىنكاس قىلمىدىڭ؟

— كىم ئاڭلايدۇ بۇنى؟ مەسىلەن، سېيىت دۈيجاڭنى ئالايلى، ئۇنى ياڭجىلەن دېگەن شاپاقچى ئاللىقاچان ئىنىدىكىگە كەلتۈرۈۋالغان. شىركەتنىڭ ھېلىقى سايمان سېتىۋالغۇچىسى بولسا، ياڭجىلەننىڭ چوڭ ئاكىسى. ھەي ئاداش، سەن بىلەن بىز بىلمەيدىغان ئىشلار جىق جۇمۇ. بىز شوپۇر خەق ئىشلەيمىز، بايلىق يارىتىمىز، ئەمما ئۇنى بىر ئوچۇم كىشىلەر چاشقاندەك غاجاپ تۈگىتىدۇ.

غۇلام ئۈنچىقمىدى. ئەمما يۈرىكىنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرى ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ ئاغرىدى.

3

ئىشىك رېتىملىق چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ياڭجىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ناز بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— ياللا، خوجىمۇ ئىشىڭىز تۈگىمىدى؟ سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نىكەم؟ — دېدى.

سېيىت دۈيجاڭ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئىتتىرىۋېدى، بىخەتەرلىك قۇلۇپ «تارس» قىلىپ تاقالدى.

— قانداق قىلىمەن شياۋياڭ، بىرسىنى چاقىرسام، يەنە بىرسى كىرىۋالغان، — دېدى ئۇ جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — نېمە ئۆزە

تۇردىڭىز؟ ئولتۇرۇڭلار، ئىش ھەققىنى ھېسابلاپ بولدىڭىزمۇ؟

— ھېسابلاپ بولمايچۇ... — ياڭجىلەن سومكىسىدىن قېلىن بىر پارچە قىزىل كونۋېرتنى ئېلىپ، دۇيجاڭنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ـ دە، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دىۋانغا كېلىپ ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇردى.

سېيىت دۇيجاڭ ئالدىدىكى قىزىل كونۋېرتنى ئالمان ـ تالمان تارتىمىسىغا سېلىۋېتىپ، ياڭجىلەنگە ھودۇقۇش نەزەردە تىكىلدى:

— نەچچە؟

— ئىككى مىڭ.

— ھېلىقى چاكاندا توشۇغان كىرىمدىن چىققان پۇلمۇ؟

— ئۈزۈمنى يەڭ، ساپىقىنى سورىماڭ دەپتىكەن، — ياڭجىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — نېمە ئەزۋەيلەپ سورايسىز؟ ۋديەي...

سېيىت دۇيجاڭ گەدىنىنى تاتىلاپ، ياڭجىلەنگە قاراپ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ قويدى.

— ياقەي، سوراپ قويغىنىم ـ دە، ئەمدى، — دېدى ئۇ ياڭجىلەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — تەدبىرىڭىز بار جۇمۇ، ئاق توشقىنىم.

بىر نەچچە شوپۇرنىڭ ئۆتكەن ئايدىكى چاكاندا توشۇپ تاپقان كىرىمىدىن سېيىت دۇيجاڭنىڭ چۆنتىكىگە چۈشكىنى ئارانلا 2000 يۈەن پۇل، ياڭجىلەننىڭ چۆنتىكىگە چۈشكىنى ئۇنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئەمما كونكرېت سانىنى سوراشقا سېيىت دۇيجاڭ ئامالسىز. ياڭجىلەن بۇ يىل ئەتىيازدا بىر پارچە كىرىم تالونىنى ئۆزگەرتكەنلىك سەۋەبى بىلەن سېيىت دۇيجاڭنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، تەقدىرى قىل ئۇستىدە قالغاندا، مۇشۇنداق قىزىل كونۋېرتنىڭ كۈچى بىلەن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلا ئەمەس، شۇ سائەتتىن ئېتىبارەن سېيىت دۇيجاڭنىڭ تەقدىرى ياڭ جىلەننىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. پۇلغا بولغان ئورتاق ئىنتىلىش، ئوتتەك ھەۋەس، ئۇلارنىڭ ئائىلە، مىللەت، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم چېگرالىرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ھازىرقى ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر دەۋرىدىكى ستېرېئولۇق مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىلىرى دېيىشكە بولاتتى.

سېيىت دۇيجاڭ ياڭ جىلەننى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، ئۆيىدىكى ئۇششاق بالىلىرى بىلەن ئاغرىقچان خوتۇنىنى قورساق ھەم كىيىمدىن قىسىش ھېسابىغا ھەر ئايلىق ئىش ھەققىنى ياڭ جىلەنگە سۇدەك خەجلەپ تۈگىتەتتى. ئەمما ياڭ جىلەن ئۇنىڭچىلىك دۆت ھەم پەمسىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، سۆيۈلۈش ۋە ئەرلەرنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى پۇل... پۇللا كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سېيىت دۇيجاڭنى ئىچىدە ھەر قانچە سەت كۆرسىمۇ، ئۇنىڭدىن نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگەنسىمۇ، ئۇنىڭ ئاچكۆزلەرچە قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىگە ئۈنسىز بويسۇناتتى. ياۋاش، كەمسۆز ئېرى «ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دېگەن شەرەپلىك نامىنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يىراق سەپەرگە چىقىپ كەتكەن تالاي كېچىلەرنى ئۆيىدە ئاشۇ سېيىت دۇيجاڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتى...

مانا، ئۇلار ھازىرمۇ ھەممىنى، بۇ ئۆينىڭ دۇيجاڭ ئىشخانىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇشقان. سېيىت دۇيجاڭ بايا قويۇپ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىككىسى دىۋان

ئۈستىدە پومداقلىشىپ، خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن ئامراق ئەر-خوتۇنلاردەك بىر-بىرىنى ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشمەكتە، قۇچاقلاشماقتا.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ جۇمۇڭ، — دېدى ياڭ جىلەن سېيىت دۈيجاڭنىڭ ياڭيۇدەك بورتۇپ چىققان يوغان بۇرنىنى چىمدىۋاپ قويۇپ، — ھېلىقى چىقىم تالونىنى نېمىشقا تەستىقلىمايسىز؟

— پەرق بەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ-شياۋياڭ، بىر مىڭ بەش يۈز يۈەننى، ئونبەش مىڭ يۈەن قىلىپ يازغىنىڭىز نېمىسى؟ كېيىن بىرەر مالىيە تەكشۈرۈشىدە چېنىپ قالسا...

— قويۇڭا سىزنى، — ياڭ جىلەن سېيىت دۈيجاڭنىڭ قۇچىقىدىن چاچراپ قوپۇپ، دىۋاننىڭ نېرىقى بۇرجىكىگە بېرىپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى، — بىرسىم موك-موك خەجلەيسىز، تەستىقلايدىغاندا پاشىدەك غىڭ-غىڭ قىلىسىز، ھىم؟... شۇ ھالىغا دۈيجاڭمىش تېخى!

— ئەستا، گېپىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز؟ — سېيىت دۈيجاڭ ئۇنىڭ يېقىنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — تەستىقلاش ئاسان، لېكىن مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم چوڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش.

— ئۇنىڭ قورققىدەك نېمىسى بار؟

— ئۇنداق دېمەڭ، شىركەتكە تاپشۇرىدىغان پايدا كۆرسەتكۈچىمىز ئورۇندالماي قالسۇنچۇ قېنى، چېن جىگلىنىڭ بىزنىڭ كالونغا دىققىتى چۈشمەي قالامدۇ؟

سېيىت دۈيجاڭنىڭ بۇ ئەندىشىسىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. يېقىندا ئاپتوبۇس كالوندا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تىراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ئەمدى سېيىت دۈيجاڭنى ھەر بىر قەدەمنى تەلۋىلىك بىلەن ئەمەس، ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

... ئاپتوبۇس كالوندىكى شوپۇرلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرى ۋە پاش قىلىشىغا ئاساسەن چېن جىگلى بىر نەچچە قاۋۇل مالىيە خادىملىرىنى باشلاپ، كالوننىڭ مالىيەسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. نەتىجىدە كالون باشلىقى بىلەن بوغالتىرنىڭ بىرلىشىپ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا كالوننىڭ ئاتمىش مىڭ يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

ئاتمىش مىڭ يۈەن! بۇ ئەلۋەتتە كىچىك سان ئەمەستە! سېيىت دۈيجاڭ كۆڭلىدە: چېن جىگلى ئۇ ئىككىسىدىن خىيانەت پۇللىرىنى تۆلىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش بىلەن ئىشىنى تۈگەتكەر دەپ ئويلىغان، ئەمما بۇ ئىشنىڭ قانۇنىي تۈس ئېلىپ، ئۇلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان... ئەجىبا، ياڭ جىلەن مۇشۇ دەھشەتلىك ئاقىۋەتنى ئەستە تۇتمىغان بولسا-ھە؟ سېيىت دۈيجاڭ ياڭ جىلەننىڭ بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان نەپسىنىڭ كېيىن ھەر ئىككىسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولغان ئېغىر ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلىنەتتى. ئۇنىڭغا خاپا بولاتتى. ئۇ ھازىرلا بۇ خەتەرلىك ئىشتىن پۇتىنى تارتىۋېلىپ، ياڭ جىلەندىن ئادا-جۇدا بولسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى، قىسقىسى ئۆزىدە ئۇنچىلىك ماغدۇر ۋە جاسارەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ياڭ جىلەن... بۇ پەرىشتە سىياقىدىكى قۇۋ، ھىيلىگەر ئالۋاستى ئۆزگەرتكەن، ياساپ چىققان نۇرغۇن كىرىم-چىقىم تالونلىرىغا ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان، ئىچى لىق پۇل بىلەن تولغان

بەچچىلىكەن قىزىل كونۋېرتلارنى ياڭ جىلەن-
نىڭ قولىدىن ئۈن-تىنسىز ئالغان... مانا
بۇلاردىن قانداق تېنىۋېلىش مۇمكىن؟ ئۇ ياڭ
جىلەننى سۆيۈپ، قۇچاقلاۋېتىپ، ئاشۇلارنى
ئويلىغاندا، يۈرىكىنىڭ ئاللىقانداق بىر
قاتلاملىرىدا ياڭ جىلەنگە بولغان سۆيۈش،
ئۇنىڭدىن يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى.
لېكىن ئۇنىڭغا شۇنداق بىر نەرسە ئايان
ئىدى: ئۇ، ئەمدى ھەر قانداق قىلىپ ياڭ
جىلەندىن ئادا - جۇدا بولالمايتتى. ئۇنىڭ
دېگەنلىرىگە كۆنمەيمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ياڭ جىلەن خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاشۇ
سەراسىمىلىك خىياللىرىنى ئەقىل ئەينىكى
بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈپ تۇرغاندەك،
قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى قاپقارا كۆز-
لىرىنى ئۇنىڭغا بىرخىل تەھدىت نەزىرى بىلەن
تىكتى:

-قانداق قىلىسىز، ھېلىقى تالوننى تەستىق-
لامسىز، يوق؟

-ئەستا... بۇ...

-تىلىڭىزنى چاينىماڭ، سىزنى ئەمدى
بىلدىم، چېن جىڭلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇنا-
ھىڭىزنى تاپشۇرماقچىغۇ دەيمەن.

سېيىت دۇيجاڭنىڭ چىرايى شۇئان تامدەك
تاتىرىپ كەتتى.

-شياۋياڭ، بۇ... بۇ... نېمە دېگىنىڭىز؟
دېدى كېكەچلەپ، - خۇدا ھەققى!..

ئۇنىڭ بەكسىچە ياڭ جىلەن تولىمۇ خاتىرجەم
كۆرۈنەتتى، ئۇ بىر خىل يىرگىنىش نەزىرى
بىلەن سېيىت دۇيجاڭنى ئىتتىرىۋەتتى.

-نېرى تۇرۇڭا... ئەمدى تۇمشۇقىڭىزنى
سۈرتۈۋېتىپلا چاشقان يېمىگەن ياۋاش مۈشۈك
بولىۋالماقچىمۇ خوپ، چېن جىڭلىنىڭ
ئالدىغا ئىككىمىزلا بارايلى، شۇ چاغدا ئىش
قانداق ھەل قىلىنىدىكىن، لېكىن شۇنى بى-
لىپ قويۇڭكى، - ياڭ جىلەن ئورنىدىن سەكرەپ
تۇرۇپ، سېيىت دۇيجاڭغا قەھرى بىلەن ۋار-
قىرىدى، سىز رەھبەر، مەن قول ئاستىڭىزدىكى
ئادەم. ھەتتا مەن...، سىزنىڭ زورلۇق بىلەن
ئاياغ-ئاستى قىلىشىڭىزغا ئۇچرىغان ئاجىز
ئايال... تېنىۋالالامسىز؟ يەنە بىر مۇھىم
ئىشتىن سىزگە ئۇچۇر بېرەي، ئاپتوبۇس كا-
لونىنىڭ دۇيجاڭى بىلەن بوغالتىرىنىڭ تورمىدە
ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ، بىرھەپتىدىن كېيىن
دۇيجاڭ ئېتىلماقچى، بوغالتىر قويۇپ
بېرىلمەكچى.

-شياۋياڭ! - دېدى سېيىت دۇيجاڭ قورقىنى-
دىن جالاقلاپ تىترەپ، - خۇدا ھەققى، نېمىلەرنى
دەپ يۈرۈدىغانسىز - ھە؟ تالونغا قول قويسىملا
بولىدىغۇ ھازىرلا...

ياڭ جىلەننىڭ چىرايىدا بىر خىل مەس-
خىرىلىك سوغۇق كۈلكە ئەكس ئەتتى.

سېيىت دۇيجاڭ ئۇ ئۇزاتقان چىقىم تالونىغا
تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئىمزا قويدى.

-ئەمدى ئىش پۈتتىمۇ؟ - دېدى ئۇ ھالسىز-
لانغان گەۋدىسىنى دىۋانغا تاشلاپ. شۇچاغدا
ياڭ جىلەننىڭ ناز بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلگىنىمۇ،
ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندىكى تارس-
تارس دەسسەشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

ئەتىسى شوپۇرلارغا ئىش ھەققى تارقى-
تىلىدىغان كۈن ئىدى. مالىيە
ئىشخانىسى شوپۇرلار بىلەن لىق
تولغان، ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ياڭ
جىلەن بىلەن ئوتتۇرا ياش، قىرقىما چاچلىق
كاسسىر ئايالنىڭ ئالدىدىكى پۇلغا
تىكىلگەنىدى. بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە
ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقنى ئاتا قىلغان.
شۇڭا ئۇلار شۇ تاپتا بىر- بىرى بىلەن چاق-
چاقلىشىۋاتاتتى. ئىش ھەققىنى ئالسىلا چوقۇم
قاۋاقخانىغا ئاپىرىپ بىر بوتۇلكا ھاراق

بىلەن مېھمان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىۋاتاتتى. كۆزلىرى ئۈمىدلىك كۈلكىدىن قىسىلغان، ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئازادىلىك، يېنىكلىك قوچىقانىدى.

—ۋاي... ۋۇي نېمىدېگەن سېسىقچىلىق! ئىككىمىزنى ئىستا دۇتلاپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟!— دەپ ۋارقىرىدى ياڭجىلەن يۆتىلىپ،— چىقىڭلار! تاماكاڭلارنى سىرتقا چىقىپ چېكىڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى بىر-بىردىن كىرىپ ئالساڭلارمۇ بولىدىغۇ!

شوپۇرلار كىنو چولپانلىرىدەك گۈزەل، ناز كەرەشمىلىك، ئەمما ئىشخانىسىغا كىرىۋالسىلا تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بۇ چوكاننىڭ مۇنداق قوپال سىلكىشلىرىگە كۆنۈك. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك قولىدىن بەخت، ھىممەت، شادلىق ياغىدىغان چاغدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ مۇنداق زەھەرلىك تىل سانجىشلىرىغا رەنجىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار تاياقتىن ئۈركىگەن قويدەك، دۈپۈرلىشىپ سىرتقا ئۆزلىرىنى ئېلىشتى. لېكىن ئىش ھەققى تارقىتىلىشقا باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شوپۇرلارنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق، كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرى ئۆچتى. غۇدۇڭشىش غۇلغۇلىغا، غۇلغۇلا غەزەپلىك خىتابلارغا، ئاخىرىدا ئەسەبىي ۋارقىراشلارغا ئايلاندى.

— قاراڭلار ئاغىنىلەر، مانا بىر ئايدا ئىشلەپ تاپقىنىم!— دەيتتى پاكار، سىم ساقال، ئۇستىبېشى مەينەتلەشكەن قېرى شوپۇر قولىدىكى بىر سىقىم پۇلنى پۇلاڭلىتىپ،— بىر ئايدىن بېرى چۆلنى چۆل دېمىدىم، تاغنى تاغ دېمىدىم، رولغا چاپلاشقىنىمچە بىر كۈن ئارام ئالماي چاپتىم. مۇشۇنچىلىك ئىشلەپمۇ ئايدا بىر چىشقاق پاقلاننىڭ پۇلىنى تاپالمىسام... خوتۇن-بالىلىرىمنى نېمە بىلەن باقىمەن؟ بولدى! بۇنداق خوتۇنتالاقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگىچە پېنسىيىگە چىقىپ كېتىمەن، بازارغا چىقىپ سۇ ساتىمەن!

— توختاڭا، شياۋياڭ —دېدى غۇلام ھەسرەت ۋە ئەلەمدىن گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ زورۇقۇشىدىن ئېغىر ھاسىراپ،— ماڭا تەگكىنى پەقەتلا مۇشۇلىمۇ، ھېسابتا خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟

— نېرى تۇرۇڭ، — ياڭ جىلەن غۇلامغا ئالىيىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى،— ھازىر ئىش ھەققى تارقىتىۋاتىمەن. كۆزى يوقتەك...

— كۆزۈم بولغاچقا، پۇل خاتا ھېسابلانغان دەۋاتىمەن،—دېدى غۇلام ئاچچىقلىنىپ. ياڭ جىلەن ساناۋاتقان پۇلنى جوزىغا «پاق» قىلىپ ئاتتى.

— نەرى خاتا ھېسابلانغان؟ ھازىر تاپ! ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىمايسەنۇ، يەنە گەپنى چوڭ قىلىسىنا!

— قانداق قىلسا ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىغان بولىدۇ؟—غۇلام ئۇنىڭ ئالدىغا توغرىلاندى، — ماڭا ئەمەس، مۇشۇلارغا چۈشەندۈرۈپ باقە، توقسۇندىن داخېيەنگە سەككىز كۈن تۇز توشۇدۇم، بىر؛ داخېيەندىن ئاقسۇغا ئوغۇت ئاپاردىم ئىككى؛ كۈنەستىن شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە ياغاچ ئەكەلدىم ئۈچ؛ مۇشۇلار ئۈچۈن كىنىشكىلەرگە دىۋانىدەك يېلىندىم. ئىتنىڭ كۈنىنى تارتتىم؛ لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە دۆلەتكە بايلىق ياراتتىم، بۇلار نېمە؟ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلىق ئەمەسما؟ ئەمما سەن ماڭا نەچچە پۇل بەردىڭ؟

بۇ سوئاللارغا ياڭ جىلەن ئەلۋەتتە جاۋاب بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى:

— سەن مېنى بۈگۈن نېمە قىلماقچى؟ ئۇرماقچىمۇ، ئالدىمىدىكى پۇلنى بۇلىماقچىمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ، — قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم بارمۇ؟! قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىڭلار! قوغداش بۆلۈمىگە!

ئىشخانا ئىچى ئۇرە-تۆپە بولدى. ياڭ جەلەن جوزىدىكى پۇلنى غۇلامنىڭ يۈزىگە پاقىلدىتىپ ئاتقىلى تۇردى. چېچىلغان پۇللار ئىشخانىنى بىر ئالدى. شوپۇرلار شۇئان ئىشخانىدىن دۈپۈرلىشىپ قېچىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايى غەزەپلىك ئىدى. ئۇلار تولىمۇ تۇتۇشتىن ۋارقىرىشاتتى:

— بۇ، ياڭ جەلەننىڭ ئويۇنى، بىز بۇ ئىشنى ئەمدى بىلدۇق!

— ئىش ھەققى پۇلىنى نېمىشقا ئىشخانىغا چاچىدۇ؟

— ئۇنىڭ غەرىزى چۈشىنىشلىك، ھەممىمىزنى ئوغرى - بۇلاڭچى قىلىپ، ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى يوشۇرماقچى.

— جۈرۈڭلار! سېيىت دۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرەيلى.

— ياق، شىركەت رەھبەرلىكىگە ئەھۋالنى ئېيتىش كېرەك!

شوپۇرلارنىڭ بىر قىسمى سېيىت دۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا، بىر قىسمى شىركەت بىناسى تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. غۇلامنىڭ كەيپى ئۇچقان، روھى چۈشكەن ئىدى. مېڭىسى خۇددى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك ئەسەبىي گۈرۈلدەيتتى. قايسىسىنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك؟ سېيىت دۇيجاڭنىڭ قېشىغىمۇ ياكى چېن جىڭلىنىڭكىگىمۇ؟ ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ بىرسىنىڭ ئۈستىدىن داتلاپ باشلىقلارنىڭ قېشىغا كىرىپ باقمىغانىدى. ئۇ، بۇنداق قىلىشنى ئۆزىنىڭ يىگىتلىك غورۇرىغا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ، ئىختىيارسىز يۈرەك كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇككىلىرىنىڭ ئۈمىد، ئىلتىجا بىلەن پىلدىرلاۋاتقان كۆزلىرى، ساجىدەنىڭ گۇمان، رەنجىش، قىيداش ئىچىدىكى سۇلغۇن چىرايى كۆرۈندى.

بىچارە ئانا... ئۇ مۇشۇ باللارنى قاتارغا قوشىمەن دەپ، يىلىكى ئۈزۈلگىدەك ئىشلەپ ئاخىرى مۇشۇ كېسەلنى تاپقان. ئۇنى بالنىتسىدا ياتقۇزۇش، ئاغرىق ئازابىدىن خالاس قىلىش كېرەك. سىڭلىسى مەكتەپكە ئوقۇش پۇلى تاپشۇراتتىم، كىتاب ئالاتتىم، پۇل بەرسەڭ دەپ ئاكىسىغا يېلىنىپ يۈرگىلى خېلى بولدى. ساجىدەچۇ... تويىنى قىلىدىغان بولساق، بۇ يىل قىلايلى، بولمىسا... دەپ يىغلىغىنى يىغلىغان. مانا بۇلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك! ئەمما شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى غۇلام نەدىنمۇ تاپار؟ ئۇ كېتىۋېتىپ سېتىمىدىكى ئازغىنە پۇلغا رەنجىش، غەزەپ، ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاراپ قويدى. شۇ چاغدا ئارقىسىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ «غۇلام!» دەپ چاقىرغان قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. غۇلام بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى. ئىشخانا تەرەپتە كالوننىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئالدىراپ - سالدىراپ كېلىۋاتاتتى.

— سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق ئىش چىقىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئۆتكۈلۈپ - تاتىرىنىپ.

— مەشەدىلا سۆزلىشىمىزمۇ؟

— ياق، ئىشخانىدا.

غۇلام ئارقىسىغا ياندى.

— سىز بايا ماليە ئىشخانىسىدا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ باقسىڭىز، — دېدى ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئۈستەلدە ئولتۇرغاندىن

كېيىن، شەپكىسىنى جوزىغا تاشلاپ قويۇپ.

غۇلام بولۇنغان ئەھۋاللارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئەمما، ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئۇنىڭ سۆزىدىن قانائەتلەنمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— سىز پاك جىلەن بىلەن نېمىشقا ئۇرۇشتىڭىز؟

— ئۇرۇشمىدىم، ئىش ھەققىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايدىن ئايغا ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دېمىسىمۇ ئويلاپ باقمامسىز، بۇ ئايدا قولۇمغا ئارانلا...

— توختاڭ، — ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — مېنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن ئالاقەم يوق، مەن پەقەت كالونىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغىلا مەسئۇل. سىز ئۇرۇشمىدىم دەيسىز، لېكىن سىزنىڭ ئۇنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىنى ئۇڭ-تەتۈر قىلىۋەتكىنىڭىز پاكىتتۇ؟

— گەپنى ئۇچۇقراق دېمەمسىز؟ — دېدى غۇلام قىزىشىپ، — مەسىلەن، مەن، نېمىسىنى ئۇڭ-تەتۈر قىلىۋېتىپتىمەن؟

— ئىش ھەققى ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان بىر تالاي پۇلنىڭ ئىشخانىغا چېچىلىشىغا، شۇ سەۋەبتىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يەتتە يۈز يۈەن پۇلنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولدىڭىز.

— بۇ، يالغان، قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان تۆھمەت! — دېدى غۇلام ئاڭگىراپ، — ئۇ يەردە شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى بار. پاك جىلەن گەپتە تۇتۇلغاندىن كېيىن، پۇللارنى يۈزۈمگە ئاتتى، پۇلنىڭ ئىشخانىغا چېچىلغىنى راست. لېكىن شوپۇرلار — ھەممىمىز شۇ ھامان ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتۇق. ھېچكىم بىرسىنت پۇلغا تەگكىنى يوق، رەھبەرلىك تەكشۈرۈپ باقسا بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە تەكشۈرىمىز، — دېدى ئامانلىق ساقلاش خادىمى يۈزىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — لېكىن سىزگە ئېيتىپ قويىدىغان بىر ئىش بار، سىز ئىش ھەققى دەۋاسىنى باھانە قىلىپ، قەستەن ماجىرا تۇغدۇرغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن، دۆلەت خىزمەتچىلىرى نورمال خىزمەت ئىشلىيەلمىگەن، نەتىجىدە يەتتە يۈز يۈەن يوقىلىشتەك ئىقتىسادىي ئەنزە كېلىپ چىققان. بىز بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىچە، سىز ماشىنا ھەيدەشتىن توختاپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

لېكىن غۇلام ئۇنىڭ بىر شوپۇرنى ئۆز ئالدىغا ماشىنىدىن قالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى.

— بۇ، سىزنىڭ قارارىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ بىر خىل مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

— ياق، سېيىت دۇيجاڭنىڭ قارارى.

غۇلام ئورنىدىن تۇرۇپ، ماشىنا ئاچقۇچىنى جوزىغا «پاق» قىلىپ تاشلىدى-دە، چىقىپ كەتتى.

4

ئايسىز كېچە، تاشيول چېتىدىكى قەبرى ئۈجمە تۈۋىدە غۇلام بىلەن ساجىدە خېلىدىن بېرى ئۈندىمەي تۇرۇشماقتا. پات - پات تاشيولدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى تۈن قاراڭغۇلۇقنى قىلىچتەك كېسىپ كېلەتتى - دە، ئىككىيلەننى غىل - پال يورۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. غۇلام ئاخىرى ساجىدەنىڭ نازۇك گەۋدىسىنىڭ ھەسرەتلىك ئۈنسىز يىغا ئىچىدە ياپراقتەك تىترەۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ، قىزنىڭ نېپىز كۆڭلەك ئىچىدىكى كىچىككىنە مورلىرىنى تۇتۇپ، تىترەڭگۈ، يىغلامسىراڭغۇچى بىر ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ساجىدە!...

— تۇتىۋال مېنى! — قىز كېيىكتەك سەلكى-
نىپ، قولىمدىن ئىككى قەدەم يىراقلاشتى.

— ماقۇل تۇتىماي، ئەمما گېپىمگە قۇلاق سال، مېنىڭ توي ۋاقتىمنى نېمە ئۈچۈن يەنە بىر يىل كەينىگە سۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىمى-
نىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ ھەي... بۇنى ساڭا قايسى تىلىم بىلەن چۈشەندۈرەي، ساجىدە!

راست، غۇلام بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈ-
رۈشكە، توي ئۈچۈن ھازىرغىچە ئازراقمۇ پۇل ئىقتىساد قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىشقا ئاغ-
زى بارمايتتى. لېكىن ئەڭ يامىنى، غۇلامنىڭ توي ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋېرىشى قىزنىڭ ئۇنىڭ ساداقىتىگە بول-
غان گۇمانىنى قوزغاپ قويدى.

— چۈشەندۈرەلىگۈدەك تىلىڭىز بولمىسا قىينىلىپ نېمە قىلىسىز، سىزنى بەش يىلدىن بېرى ئالداپ يۈرگىنىم راست دەۋەتسىڭىزلا بولىدىغۇ؟ — دېدى قىز ئېسەدەپ يىغلاپ.

— ساجىدە! نېمە دەۋاتىسەن ...؟ — غۇلام ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ساجىدەنى بىر تەستەك سالغىنىنى بىلمەي قالدى ۋە ئۆزىمۇ بېشىنىڭ «پىر» قىلىپ ئايلىنىشىدىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۈجمىگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇ ھالەتتە ئولتۇرۇپ قانچىلىك ۋاقىت تۇرغىنىنى بىلمىدى. ئۇ بىر چاغدا ئۆزىگە كەلگەندە، يېنىدا ساجىدە كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ، ئاسماندا يۇلتۇزلار قوتراپ، مۆزدەك سوغۇق، چوڭ-چوڭ يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈۋاتاتتى. لېكىن غۇلام بۇلارنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەشكەن، مۆزدەك قاتقان نىگاھى سەزگۈلىرىدە ساجىدەگە قوشۇلۇپ ھەممە نەرسە — ھاياتمۇ، بەختمۇ، خۇشاللىقمۇ، دۇنيامۇ ... ھەممىسى ... ھەممىسى يوقالغانىدى. ئۇ، قاۋاقخانىغا كىرىپ، بىر كۈندىن بېرى قولىدا سىقىمداغلىق تۇرغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى پوكەيگە تاشلىدى.

ئەنە ... غۇلام قاۋاقخانىدا يالغۇز، جوزا يېنىدا ئولتۇرۇپ قالغان. ئالدىدا ئىككى بوتۇلكا ھاراق، ئۇ ئىچەتتى ... ئىچەتتى، نېمىگىدۇر كۈلەتتى، نېمىگىدۇر يىغلايتتى. ئۇ، ئاپئاق چىنىگە لىقمۇلىق قۇيۇلغان ھاراقنى كۆپۈلدىتىپ ئىچىۋاتقاندا، كۆز ياشلىرى ھاراق ئۈستىگە تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

1988- يىل سېنتەبىر، كۇچا



مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا: 1959 - يىلى شايار ناھىيىسىدە ئىش-
چى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت 2- شىركىتى (سابىق شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 5- شىركىتى) 2- كالوننىڭ شوپۇرى. «ۋەھىمىلىك قايتام» — ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى.

— مۇھەررىردىن



نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 4. قۇيۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»

## (تارىخىمىزدا ئۆتكەن «ئەۋلىيا» تۇردى خوجا توغرىسىدا)

### 1. «ئەۋلىيا»نىڭ ئۆمۈر يىللىرى

خالىس تارىخىي خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان توغرا كېلىۋاتقان بۇ ماقالىنىڭ (پەقەت تارىخ قىسمىنىڭلا) ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسى (بادا، خاراكتېر ۋە يەكۈن ... جەمئىيەتلەردىكى تەھلىل يېشىملىرى)نى داۋامەتلىك جامائەتچىلىكىمىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە خالىس تاشلاپ ئۆتۈشنى زۆرۈر بىلدىم.

مۇئەللىپ.

ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ 18 - ئەسىردىكى پاسسىپ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئەينى چاغلاردا مانجۇ خانلىقىنىڭ مەقسەتلىرى پايدىسى ھېسابىغا توغرىلاپ بۇراپ ئۆزگەرتىش بويىچە تارىخىمىز ئالدىدا ھەل قىلغۇچ قىممەتلىك قىلمىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، زامانىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر، سىياسەتۋاز خوجىلار «داھىي» لىرىدىن بىرى — ھەزرىتى تۇردى «ئەۋلىيا» (تۇردى خوجا) ئىسىملىك زاتتۇر.

يازما مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، تۇردى خوجا — مىلادى 1714 - يىللىرى ئەتراپىدا ئاپپاق خوجىنىڭ پەرنەۋرىسى (كارامەتۇللا خوجىنىڭ نەۋرىسى) خۇراسانغا مۇساپىر — مۇسا ئىشان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1740 - يىللىرى ئەتراپىدا دادىسى بىلەن قۇمۇل، تۇرپان تەرەپلەرگە پەيدا بولۇپ، خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە تەكىتلەنگەندەك: «ئىشقىيە - چىلەرگە نىسبەت ئىلەش، «داستار»لار باش كۆتۈرۈش (ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ «ھاكىمىيەت» شۆھرىتىنى قايتىدىن تىكلەش — كەلگۈسىگە ئۇلاپ كېتىش...) مەزمۇن قىلىنغان «دىنىي پاكلاش» كۈرىشىنى مەخپىي قانات يايدۇرۇشقا كىرىشكەن. مىلادى 1742 - يىللىرى ئەتراپىدا دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، بۈگۈر تەرەپلەردە




* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

«بىچارە مۇساپىر» چىلىقتا قالغان بەزىبىر «ئاق تاغلىق» ئىشانلارغا يولۇقۇپ، شۇچاغلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇقتىسىدىن ئوتتۇراتقان «قاراتاغلىق» خوجاياقۇپ (خوجا جاھان) ھاكىمىيىتىدىن ئاغدۇرۇش غەرىزىدە ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارغان. 1743-يىلى كۈزدە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ تۇتۇلۇش پەيتىگە كەلگەندە قېچىپ يوقالغان. مىلادى 1756-يىلىغىچە پامىر-قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى قىر خەلقلىرى ئارىسىدا «ئىستىقامەت» ھەرىكەتلىرىدە دەۋران سۈرۈپ («ئەۋلىيا»لىق بېشارەتلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ) «قىر قەۋملىرىنىڭ پىرى»، «داھىي»سى، «ئەۋلىيا»سى بولۇپ باش كۆتۈرگەن. 1757-يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ ئەتراپتا قەشقەرىيىنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كۈچ توپلاپ يۈرگەن قاچاق ھەربىي ئىشان ھۈسەيىن (ئەركخوجا ـ ئا) گۇرۇھى (بەزى ماتېرىياللاردا تۇردى خوجىنىڭ ھۈسەيىن خوجا بىلەن بىر نەۋرىلىكى قەيت قىلىنغان ـ ئا)غا قوشۇلۇپ، «ئۇلۇغ ئىشلار» تەييارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. يەنى، مەسىلەن، پامىر — قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى يەرلىك قىرغىزلارنىڭ سەركەردىسى باتۇر بەگ، «ئاق تاغلىق»لارنىڭ سابىق قوشۇن بەگلىرىدىن بىرى سانالغان پەرسا خوجا، «شاھى قۇزات ھۈسەيىن»، «قۇرئەنداز پىر» — ماھۇت خوجا قاتارلىق «يەتتە ئۇلۇغ زات»تىن تەركىب تاپقان مەشھۇر «ئىشقىيە مەشھۇرىيىتى» (مەشھۇر ئىشقىيە ھاكىمىيىتى ـ ئا) تەشكىلاتىنى قۇراشتۇرغان. «تاغ قەۋملىرى»دىن ھەربىي كۈچلەرنى توپلىغان. 1758-يىلى قەشقەردە ئۆزلىرى بېقىنىپ تۇرغان مانجۇلار ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەن بۇرھانىددىن خوجا ۋە خوجا جاھان خوجا كۈچلىرى بىلەن مانجۇلار قوماندانى جاۋخۇي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا، تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرى بىلەن قەشقەرىيىنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمرانلىقى تەمەسى بىلەن «تاغدىن چۈشۈش» پەيتىگە تەقلىنىپ پۇرسەت كۈتكەن. شۇ يىلى كۈزدە جاۋخۇي قوشۇنلىرى يېڭىسار، يەكەنلەردە يېڭىلىپ پامىر — قاراقۇرۇم ئېدىرلىقلىرىنىڭ قىزىلتېغىر — ئاپپاقيايلاق تەرەپلىرىگە چېكىنىپ تىقىلىپ قالغاندا، جاۋخۇينىڭ قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرىنى قورشاۋدا تۇرغان جاۋخۇي كۈچلىرىگە ياردەملىشىشكە قوزغاتقان. بەزىبىر تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ماتېۋ قوماندانى جاۋخۇي قورشاۋدا قېلىپ تۈگەشىپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچ كەلگەندە يەنىلا ھوقۇق كۆزلىگۈچى تۇردى خوجا گۇرۇھى بىلەن ئىزدەپ ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا بۇ تەرەپلەرنىڭ كەلگۈسى چوڭ ھوقۇقىنى يېتەرلىك ئۈتكۈزۈپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ھۆرمەتلىك خەتىزۇ مۇئەللىپ جىداچۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «1758-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراسۇ دەرياسى بويىدا 40 كۈنلەپ قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ جىيەنى تۇردى خوجا ئىككىيلەن قىرغىزلارنىڭ قەبىلە باشلىقى باتۇر بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، قەشقەر، يېڭىسارلارغا يۈرۈش قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىدۇ... ئۇلارنىڭ قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار كۈچلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق زەربە، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ياردەم ئىدى... ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۈسەيىن، تۇردى قاتارلىقلار

چىقىشى ۋە ئاقسۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشىنى خالايدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان...» («ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغان ھۇسەيىن ئائىلىسى» «شىنجاڭ گېزىتى» 1980- يىل 19- ئىيۇن سانىدىن.)

• بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە: قوماندان جاۋخۇي تۇردى خوجا باشلىق بىر قانچە خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ تۆھپىلىرىنى يۇقىرى باھالىغان. بىر قانچىسىنى خان تەزىمىسى ئۈچۈن «غەربىي دىيار ئۇلۇغلىرى» ھېسابىدا چەنلۇڭ خان ھوزۇرىغا — بېيجىڭغا ماڭغۇزغان. 1759- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا چەنلۇڭ خان تۇردى خوجىنى بېيجىڭدىكى ئوردىسىدا قوبۇل قىلغان ھەم «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ يارلىق جاكارلاپ، 1- دەرىجىلىك ياساق تەيجى مەنسىپىنى بېرىپ، بېيجىڭدا قېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. 1762- يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرانچى گۈڭلۈق مەنسىپى ئاتا قىلغان.

خەنزۇ مۇئەللىپ شاۋزىشىنىڭ «ئىپارخانغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يېڭىدىن تېپىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە تەكىتلىنىشىچە: «چەنلۇڭنىڭ 24- يىلى 12- ئاينىڭ 13- كۈنى (مىلادى 1760- يىل 1- ئاينىڭ 30- كۈنى -ئا) تۇردى خوجىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ بېيجىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، بېيجىڭنىڭ دۇڭسى 6- كوچىسىدا 22 ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم تۇردى خوجا ئائىلىسىگە ئۆي بىساتلىرى، خىزمەتچى مالاي، كىيىم - كېچەك، ئات، ئىگەر، جابدۇق، ھەر خىل قورال - سايمان، مۇلازىم بويۇملىرى ... تەييارلاش، ئىشلىتىش راسخوتى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن 500 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىلگەن. تۇردى خوجىنىڭ ھەر يىللىق مائاشى 100 سەردىن، ياردەم مائاشى 20 سەردىن قىلىپ بېكىتىلگەن...»

تۇردى خوجا تەخمىنەن 1762- يىلى ئەتراپىدا ئوتتۇرانچى گۈڭلۈق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندا چەنلۇڭ خان ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن خان جەمەتى-خەنزۇ مەلىكە سۇدېشاڭ خېنىمغا ئۆيلەنگەن. كېيىنرەك ئۇنىڭغا «ئىمان ئېيتقۇزۇپ» ئىسمىنى «دىلشاد بولۇم»گە ئۆزگەرتىپ بىللە «خۇدايى بەندىچىلىك» تۇرمۇشى ئۆتكۈزگەن. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە تۇردى خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى 26 ياشلىق گۈزەل مەزلۇمە مەختۇمە چوكانىنى (تارىخلاردا رىۋايەت قىلىنىدىغان «ئىپارخان»نى- ئا) ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭگە ئەكەلدۈرۈپ، 1760- يىلى كۈزدە چەنلۇڭ خانغا كىچىك خوتۇنلۇققا توي قىلىپ قويغانلىقى قەيت قىلىنغان. خەنزۇ ئەدىب - بۇرادەر جى داچۈن 1980- يىلى 19- ئىيۇندا چىققان «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغان ھۇسەيىن ئائىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ قەيتكە ياندىشىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ خوجامنىڭ (تۇردى خوجىلارنى دېمەكچى - ئا) بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىرسى بار، ئۇ بولسىمۇ داڭدار «ئىپارخان» ئىدى...»

تۇردى خوجا مىلادى 1759- يىلىدىن 1779- يىلىغىچە بېيجىڭدا «1- دەرىجىلىك تەيجى»، «ئوتتۇرانچى گۈڭ»لۈق مەرتىۋىلىرى بىلەن 20 يىل خىزمەت كۆرسىتىپ، 1779- يىلى قىشتا 65 يېشىدا بېيجىڭدا قازا تاپقان. ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جىيەنى توختى خوجا ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. تۇردى خوجىنىڭ جەسىتى چەنلۇڭ خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. خەنزۇ ئەدىب

شەنشى ئۆزىنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە ھېكايە» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بېيجىڭدا چوڭ ئەمەل تۇتقان تۇردى خوجا بەختكە قارشى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتەپتۇ. خانىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئىپارخانىنىڭ خەنزۇ يەڭگىسى سۇدېشاڭ ئۇنىڭ جەسىتىگە دورا چېچىپ 124 كىشىگە (ئۇلار تۇردى خوجىنىڭ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مۇرىتلىرىدىن ئىبارەت بولغانلىقىدا شەك يوق، ئەلۋەتتە — ئا) كۆتۈرتۈپ، ئۈچ يېرىم يىل يول يۈرۈپ ئاخىرى قەشقەرگە ئەكەپتۇ ھەم دەشەمەتلىك مازار (گۈمبەز دېمەكچى — ئا)غا دەپنە قىپتۇ. سۇدېشاڭ قەشقەردە ئېرىنىڭ قەبرىسىنى تاشلىماي بەش يىل تۇرۇپ، ئۇزۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. جەسىتى شۇ مازار (ئاپپاق خوجا مازىرى، ئەلۋەتتە — ئا)غا قويۇلۇپتۇ...»

دېمەك، ھەزرىتى تۇردى خوجىنىڭ تارىختىكى بۇ خىل شەرەپلىك ئۆمۈر يىللىرىنى تارىختىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 18- ئەسىردە بۈيۈك چىن سۇلالىسى دائىرىدىكى كاتتا دۆلەتنىڭ شەرەپلىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىرلىكنى تەقدىرىگە ئۇل سېلىش، سەۋەبكارلىق ئۆمرى پەيزىنى سۈرۈش يىللىرى ھېسابىدىن شەرەپلىنىگەندە ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئۆمۈر يىللىرىنى ئۇنتۇلغۇسىز، زادىلا ئۇنتۇلغۇسىز يىللار ھېسابىدىن ئەسلەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**مۇئەللىپتىن:**

مەزكۇر ماۋزۇيىمىزنىڭ داۋام پۈتۈنلۈكى بۇ ژۇرنالنىڭ 5- سانىدا: 2. «ئەۋلىيا»نىڭ «پەزىلەت»لىرى، 3. قويۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»، ناملىق بۆلۈنمە ماۋزۇلىرى بىلەن كېڭەيتىپ تۈگەللىنىدۇ.

(بېشى 74 - بەتتە)

△ 1988- يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى «غەربىي دىياردىكى ئۇسۇل مەستانىلىرى»، «بوۋىتاقلار ئائىلىسى» قاتارلىق بەش ھېكايە فىلىم ئىشلىدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ كىنولىرىدىن 654 چاس فىلىمنى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلدى.

△ 1988- يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

△ 1988- يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى.

△ 1988- يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەممىلا چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 21 كەسپىي ئورۇننىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى ئاياغلاشتى، 36 كىشىگە ئالىي دەرىجىلىك، 139 كىشىگە كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك، 418 كىشىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك، 429 كىشىگە تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋان بېرىلدى.

△ 1988- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى چەت ئەللەر ۋە شياڭگاڭدىن كەلگەن 225 نەپەر مېھماننى كۈتۈۋالدى. بۇ، 33 دۆلەتنىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى ۋە بەش خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشى ۋە زىيارەتتە بولغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

△ 1988 - يىلى 10 - ئايدا «چەبىيات مۇقامى» شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»غا قاتناشتۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ئەللەر تاماشىبىنلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

## شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى

ئازادگۈل ئابدۇرېشىت

(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى مۇزىكا سەنئىتى خىزمەتچىلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ، 12 مۇقامنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىلىرى، خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش ۋە ئورۇنداش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ، شۇنداقلا ياش سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئەمەتجان ئەھمەدى بۇ ئانسامبىلنىڭ باشلىقى بولدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1988 - يىللىق مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمەتلىرىدىن ئۇچۇرلار

زۇنۇن باقى

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى)

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇھاكىمە قىلىندى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى، «خەلق» تىياتىرخانىسى قاتارلىق بەش كەسپىي كارخانا ۋە بىر ئۆمەكتە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

△ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى مايسا» لوڭقىسى بويىچە سېرك مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشتۇرۇلغان ئىككى سېرك نومۇرى—«چەمبەر چۆرگىلىتىش»، «چەمبەردىن ئۆتۈش» كۈمۈش مېدالغا، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم «مۇھەممەت ھەققىدە پاراڭ» رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «مۇنەۋۋەر فىلىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.


(1989 - يىل 2 - سان)

△ 1988- يىلى 4- ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئاممىۋىي كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىسلاھات خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەت - ماتېرىيال بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، «ئۇچقۇن پىلانى» ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەكىتلەندى.

△ 1988- يىلى 8- ئايدا، شىنجاڭ بويىچە 16 شەھەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆسمۈرلەر-بالىلارنىڭ «شىنجاڭ كەچمەك ئاق تېرەك سەنئەت ئۆمىكى» قۇرۇلدى.

(ئاخىرى 73 - بەتتە)




## ھېكمەتلەر

### شەيخ سەئدى

بايلىق ئۆمۈرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۆمۈر مال توپلاش ئۈچۈن ئەمەس. بىر ئاقىلدىن (كىشىلەر) سوراشتى: «بەختلىك كىم ۋە بەختسىز كىم؟» ئاقىل دېدى: «بەختلىك شۇ كىشىكى، يەپ - ئىچتى ھەم تېرىدى، بەختسىز شۇ كىشىكى، ئۆلدى، ھەممە نېمىسى قېپقالدى.»

* * *

ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار، تىرىشقىنى پايدىسىز: بىرى مال يىغدى، يېمىدى؛ يەنە بىرى ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى.

* * *

ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال؛ بەس - مۇنازىرىسىز ئىلىم؛ سىياسەت - قانۇنى بولمىغان دۆلەت.

* * *

پادىشاھنىڭ دوستلۇقىغا ۋە گۆدەكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قالىدۇ، كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

* * *

ھەر قانداق ئىچ سىرىڭنى دوستۇڭغا تۆكمە، چۈنكى بىر چاغ كېلىپ ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشىنى نەدىن بىلىسەن؟ شۇنىڭدەك، قولۇڭدىن كەلسە ھەر قانداق ئاچچىق - غەزەپنى دۈشمىنىڭگە قىلما، چۈنكى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يوشۇرۇن ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە ئاچما، گەرچە بەك سەمىمىي دوستۇڭ بولسىمۇ؛ چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ سەمىمىي دوستى بولۇشى مۇمكىن، گويا زەنجىرسىمان.

* * *

ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا سۆزنى شۇنداق قىلغىنكى، ئەگەر ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، خىجىللىقتا قالمايدىغان بول.

* * *

بىر ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالساڭ، خاپىچىلىقى ئازراق تەرىپىنى تاللىۋال.

* * *

دۈشمەنىنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىش خاتا، لېكىن ئاڭلاپ قويۇش راۋا. چۈنكى ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلساڭ توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

* * *

ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ، ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك ياۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

* * *

ئىككى كىشى دۆلەت بىلەن دىنىنىڭ دۈشمىنى: بىرى زالىم پادىشاھ، يەنە بىرى بىلىمسىز ئىشان.

* * *

دۈشمەن قوشۇنىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە، كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم تۇت، ئەگەر بىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، (ئۆز قوشۇنىڭدا) پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىشتىن ئەنسىرە.

* * *

يىلاننىڭ بېشىنى دۈشمەن قولى بىلەن يەنجىپ تاشلا، ھېچ بولمىغاندا ئىككى ياخشى ئىشنىڭ بىرىگە ئېرىشمەي قالمايسەن: ئەگەر دۈشمەن غالىب كەلسە، يىلاننى ئۆلتۈرگەن بولىسەن، ئەگەر يىلان ئۈستۈن چىقسا، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن.

* * *

دىلىنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ، سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.

* * *

بىراۋنىڭ خائىنلىقىنى پادىشاھقا (دەرھال) يەتكۈزمە، پەقەت بۇ خەۋەرنى پادىشاھ قوبۇل قىلىشقا ئىشەنچەڭ كامىل بولغان چاغدىلا يەتكۈز، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ھالاك بولۇشىغا تىرىشقان بولىسەن.

* * *

سۆزلىگۈچىنىڭ كەمچىلىكىنى بىراۋ كۆرسىتىپ بەرمىگىچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈزەلمەيدۇ.

* * *

ھەممە كىشىگە ئۆز ئەقلى كامالەتكە تولغان تۇيۇلىدۇ ۋە ئۆز بالىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

* * *

ئون ئادەم بىر داستىخاندا تائام يېيەلەيدۇ، ئەمما ئىككى ئىت بىر تاپ ئۈستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچكۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ. قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەن توق يۈرىدۇ. شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: «مال - مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق.»

* * *

كىمكى كۈچ - قۇۋۋىتى بار چېغىدا ياخشىلىق قىلمىسا، يامان كۈنگە قالغاندا جاپا - مۇشەققەت تارتىدۇ.

* * *

نادانغا سۈكۈت ساقلاشتىن ياخشى نەرسە يوق، ئەگەر بۇ مەسلىھەتنى چۈشەنسە، ئۇ نادان بولماس ئىدى.

* * *

كىمكى «دانالىقىمنى كىشىلەر بىلسۇن» دەپ ئۆزىدىن داناراق كىشى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلسا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

* * *

كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى تاتىلاپ ئاچما، چۈنكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىش بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىمۇ ئىشەنچىسىز ئادەم قىلىپ قويىسەن.

* * *

ھەر كىم تاشقى كۆرۈنۈشتە چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسى گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ، ئىش كۆڭۈلدە، ھەرگىز تېرىدە ئەمەس.

* * *

كۈچلۈك ئادەمگە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن زەئىپ ئادەم ئۆز ھالاكىتىدە دۈشمىنىگە يار - يۆلەكتە بولىدۇ.

كىمكى نەسىھەت ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ

يېمۈدىسى تاپا ـ تەنە ئاڭلاش بولىدۇ.

* * *

قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خۇددى بازار ئىتلىرى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاشقا باشلاپ، قېشىغا يېقىن بارالمىغاندەك.

پەس ئادەملەر ھۈنەر ـ پەزىلەتتە باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەلمىسە، رەزىللىكى بويىچە ئارقىدىن غاجاشقا باشلايدۇ.

* * *

نادان بىلەن سۆز تالىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك، ئەگەر نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى تاش گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدىغۇ!

* * *

ئاقىل ئادەم بىر توپ چۈپرەندىلەر ئارىسىدا سۆزىنى ئاقتۇرالمىسا، ئەجەبلەنمىگۈلۈك، چۈنكى دۇمباقنىڭ گۈمبۈرلىشى تەمبۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمايدىغۇ، ھەمدە سامساقنىڭ پۇرىقى ئەنبەرنىڭ ھىدىنى بېسىپ كېتىدىغۇ.

* * *

ئەقىل دېگەن نەپسىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغانىكى، گويا ئاجىز ئەر جاڭجالچى خوتۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك.

* * *

كۈچسىز ئوي ـ پىكىر ھىيلە ـ مىكىردىن ئىبارەت، تەدبىرسىز كۈچ ياۋايىلىق ۋە تەلۋىلىك.

* * *

ئالىم كىشى ساۋاتسىز نادانىنىڭ ئەخمەقلىقىنى يۇمشاقلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيىنى بار: ئاۋۋالقىسىنىڭ ھۆرمىتى چۈشسە، كېيىنكىسىنىڭ نادانلىقى كۈچىيىدۇ.

* * *

بىر كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاش-نېنىنى ھېچكىم يېمىگەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ.

* * *

كىمكى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بولمىسا، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ جەبىرىگە ئۇچرايدۇ.

* * *

بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغان ۋە پۇل ـ مېلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشى پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلسۇن.

* * *

ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ: بىرى، بار تۇرۇپ يەپ-ئىچمىگەن، يەنە بىرى بىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ھېچ ئىش قىلمىغان.

ـ «گۈلىستان»دىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: رىسالەت مۇھەممەت

## دانىشمەنلەر ھاياتىدىن ھېكايەت ۋە نەسىھەتلەر

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەنىكەن:

ـ ئەگەر دۈشمىنىڭ بىرەر ئىش ئۈستىدە سەندىن مەسلىھەت ئالماقچى بولۇپ يېنىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا توغرا ۋە ياخشى مەسلىھەت بەر، يامان مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلۈڭگە زادىلا كەلتۈرمە. ئۇنىڭ سەندىن مەسلىھەت سوراپ كېلىشى سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىغانلىقىدۇر. ئىنسانغا لايىق بولغان خەيرخاھلىق

www.uygurkitap.com

ئەنە شۇدۇر.

بېيىت:

كىمكى بولسا خۇش چىراي ۋە خۇش قىلىق،
دائىما كۆرگەي جاھاندا ياخشىلىق.

* * *

قەدىمكى شائىرلاردىن ئەھمەد مۇتەنەببىي مۇنداق دېگەنىكەن:

— سەن ئۆزۈڭ كۆرگەن نەرسەڭگە ئېتىبار بەر، ئاڭلىغانلىرىڭ چەتتە قالسۇن. ياخشىلىق ۋە ۋاپانى ئۆز ئەھلىدىن ئۈمىد قىل. بۇلۇت يوق يەردىن يامغۇر ئۈمىد قىلغۇچى كىشى ئالدىنىدۇ. دىلى بۇزۇق ئادەمنىڭ پېئىلىمۇ بۇزۇق كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئادەت قىلغان نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ پەمىگە قاراپ سۆزلەيدۇ. يارىماس، كېرەكسىز نەرسىلەردىن كۆڭۈل كۆزىنى يۇممىساڭ، بېشىڭدىكى كۆزنى يۇمۇشتىن پايدا يوق. بىرەر ئادەم ئۆز دەرىجىسىنى بىلمىسە، باشقىلار ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويىدۇ. بىر ئادەمنى كەمسىتىشنى خالىساڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزۈڭنى پەرەز قىل. ئاۋۋال پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە.

* * *

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات:

— گۈزەل تەدبىر ئىشلىتىپ، دۈشمەننى دوست قىلىش، نادان ۋە جاھىل ئادەمنى تەلىم - تەربىيە بىلەن دانالار قاتارىغا، ئەخلاقسىز پاسىقلارنى ئەسەھەت بىلەن تۈزىتىپ، ياخشىلار قاتارىغا قوشۇش ئەڭ گۈزەل ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

سوقرات يەنە:

— ماڭا دۈشمەن بولغان ئادەمگە ئاداۋەت تۇتمايمەن، ئاداۋەت تۇتسام، شۇ دۈشمىنىمنىڭ خۇسۇمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. مەن ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، دۈشمىنىمنىڭ ئاداۋىتىنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىمەن، ئۇنى ئۆزۈمگە دوست قىلىمەن، — دېگەنىكەن.

* * *

قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن ھۇشاڭ ئۆز ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ دەپتۇ:

— ئوغلۇم، ئىككى يۈزلىمە، غەرەزلىك كىشىلەردىن ھەزەر قىل، ئۇلارنى يېنىڭغا يولاتما، چۈنكى ئۇلار مەنىسىز دەۋا بىلەن دوستلۇق پاختىسىنى ئاتىدۇ، ياخشىلىق گەۋھەرىنى يامانلىق يىپىغا تىزىدۇ، لايىق ۋە مەقبۇل ئىشلارنى يىرگىنچلىك، قەبىھلىك لىباسىغا ئوراپ ساڭا يامان شەكىلدە كۆرسىتىدۇ.

* * *

مەشھۇر دانىشمەن بۇزۇرجمېھىردىن:

— ئىنساب نېمە؟ — دەپ سوراشقانىكەن، بۇزۇرجمېھىر:

— ئىنساب — ئادەم ئۆزىگە نېمىنى راۋا كۆرسە، باشقا كىشىگىمۇ شۇنى راۋا كۆرۈشتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟

— ئەقىللىق ئادەم.

— قانداق كىشىنى ئەقىللىق ئادەم دېسەك بولىدۇ؟

— ئەقىللىق ئادەم ئويلىماستىن بىر ئىشقا كىرىشمەيدۇ.

— بىلىمنى نېمە بېزەيدۇ؟ شىجائەتنىچۇ، سېخىيلىقنىچۇ؟ — دەپ سورىسا، ئۇ:

— بىلىمنى — توغرىلىق، شىجائەتنى — ئەپۇ قىلىش ۋە سېخىيلىقنى ئوچۇق يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك بېزەيدۇ، — دەپتۇ.

— ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئارزۇ - تىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

— ساق - سالامەتلىك، پاراۋان تۇرمۇش ۋە خاتىرجەملىك.

* * *

بۇزۇرجەمېھىر ئۇستازىدىن:

— ياشلىقتا نېمە قىلىش ياخشىراق، قېرىغاندىچۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇستازى:

— ياشلىقتا ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، قېرىغاندا بولسا، ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر، — دەپتۇ.

* * *

نۇشىرۋان ئۆزىنىڭ دانىشمەن ۋەزىرى بۇزۇرجەمېھىردىن:

— مۇلايىم كىشىنىڭ نىشانلىرى قايسى؟ — دەپ سورىغانىكەن، بۇزۇرجەمېھىر:

— مۇلايىم كىشىدە ئۈچ بەلگە بولىدۇ: بىرىنچى، ئوچۇق چىراي. سۆزى قوپال كىشىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق سۆزلىسىمۇ، ئۇ ياخشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، قەھرى - غەزەپ ئوتى يالقۇنلىغاندا، غەزىپىنى باسىدۇ. ئۈچىنچى، بىر كىشىدىن ئۆزىگە زىيان يەتسە، ئۇنىڭغا جازا بېرىشكە كۈچ - قۇدرىتى يەتسىمۇ، ئاچچىقىنى يۇتىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

بىر گۇرۇھ ھىندىستان دانىشمەنلىرى بىر قېتىمقى سۆھبەتتە نۇشىرۋاننىڭ مەشھۇر دانىشمەن ۋەزىرى بۇزۇرجەمېھىرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كامالىتىنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بارى - يوقى بىرلا ئەيىبتىن باشقا ئەيىب تاپالماپتۇ. بۇزۇرجەمېھىر بىرەر مەسىلە ھەققىدە سۆزلىسە، توختاپ - توختاپ، بىر ئاز ئويلاپ، ئاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشى تىڭشىغۇچىلارنىڭ بىر ئاز ۋاقتىنى ئالىدىكەن.

بۇزۇرجەمېھىر ھىندىستان دانىشمەنلىرى ئەيىپىدىن ئۆزىگە قويۇلغان مانا مۇشۇ بىرلا ئەيىبىنى ئاڭلاپ، دەپتۇ:

— ئاۋۋال «نېمىنى سۆزلىسەم بولىدىكىن؟» دەپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەش — «بۇ سۆزنى نېمىشقىمۇ سۆزلىگەنىدىمەن؟!» دەپ پۇشايمان قىلغاندىن ياخشىراق.

* * *

ئەپلاتون پازىل بىر كىشىگە:

— پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئىلىم ۋە ئەخلاقىنى ئۆزىڭىزنىڭ بىلىمى ۋە ئەدەب - ئەخلاقى بىلەن چەكلىمەڭ، ئۇلارنى كەلگۈسى زامان ئۈچۈن تەييارلاڭ، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ زامانىڭىزغا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇلار كەلگۈسى زاماننىڭ كىشىلىرىدۇر، — دەپتۇ.

* * *

ئەل مەئاردى ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، دەپتۇ:

— ئوغلۇم، ئادالەتلىك بول، شۇ ئىشىڭ بىلەن ئەزىز ۋە مۆھتىرەم بولىسەن. ئەگەردە جەبىر - زۇلۇم قىلساڭ، بىر كۈنلەردە سەندىنمۇ زوراۋان ۋە زالىمراق ئادەم ساڭا جەبىر - جاپا قىلىدۇ، بەلكى ھالاكەتكە يەتكۈزىدۇ. ئەزىز ئوغلۇم، ھېچكىمنى رەنجىتمە، ھەمىشە مېھىر - شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بول.

* * *

ئالىم ئەھمەد خوجا سۆز ھەققىدە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەر بىر كىشىنىڭ سۆزى — ئۆز پەزىلىتىنىڭ دەلىلى ۋە ئەقلىنىڭ تەرجىمانىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا ۋە مەنىلىك سۆزلەش لازىم.

بىھۇدە سۆزلەرنى سۆزلەشتىن تىلنى يىغىش كېرەك. بىھۇدە سۆز يوشۇرۇن ئەيىبلەرنى ئاشكارا قىلىدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ قەھرى - غەزەپ ۋە ئاداۋىتىنى قوزغايدۇ.

* * *

قەدىمكى زامان دانىشمەنلەردىن ئەسمەئىي بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— مۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئۇ كىشى:

— ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ھەزەر قىلدىم. مانا شۇ خىسلىتىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈمگە سەۋەبچى بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

ئەسمەئىي مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— مەن بىر كۈنى دوستۇمنى كۆرگىلى باردىم. ئۇ بىر كىشى ئاران سىغقۇدەك پالازنى سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. مېنىمۇ پالازدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن:

— پالاز ئۆزۈڭگە تارلىق قىلىۋاتسا، يەنە مېنى پالازدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلامسەن؟ — دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئىككى دۈشمەن پۈتۈن يەر يۈزىگە سىغمايدۇ، ئەمما ئىككى دوست بىر غېرىچ يەرگىمۇ سىغىدۇ.

ئەشىرگە تەييارلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**

## ئىلىم ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئىبادەت

ئىلىم — مەرىپەت ئۆگىنىڭلار، ئوقۇڭلار:

ئىلىم ئوقۇغاندا ھەقنى ناھەقتىن ئايرىغىلى بولىدۇ، ئىلىم ئوقۇغاندا خەلقتىن ھايا قىلىدىغان، سەت قىلىقتىن سەسكىنىدىغان، ياخشى پەزىلەتنى كۆرسە سۆيۈنىدىغان ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ چىققىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر. ئىلىم ئۈستىدە مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش تەسبىھ ئېيتقان بىلەن باراۋەر، بەس-مۇنازىرە قىلىش جىھات قىلغان بىلەن باراۋەر، بىلمىگەنلەرگە دەرس سۆزلەش سەدىقات قىلغان بىلەن باراۋەر. ئىلىم ئوقۇغاندا دۇنيادا بەخت-سائادەتكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە يول تاپقىلى بولىدۇ.

ئىلىم يالغۇزلۇقتا ھەمراھ بولىدۇ.

ئىلىم ئىگىسى ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ تەرىپ-تەۋسىپى ئۆلمەيدۇ.

ئىلىم جاھىللارغا ھاياتلىق يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىلىم نادانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن چىقىرىدىغان چىراغ.


ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەش كېچىلىرى بىدار بولۇپ ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر.

ئىلىم دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك كېتىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىلىم ئوقۇغان كىشىنىڭ دىيانىتى ساپ بولىدۇ.


ئىلىم يولىدا قۇربان بولسا، شاھادەت دەرىجىسىنى تاپىدۇ.

ئەرەبچە «تەرغىب» ناملىق ھەدىستىن (بېيرۇت باسمىسى) **ياسىن داموللا ھاجى مىسىرى** تەرجىمىسى





«پەرھاد - شىرىن» ئوپېراسىدىن بىر كۆرۈنۈش　　توختى ھەسەن فوتوسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەدىمي شەھەرنىڭ كېچىسى (ماي بوياق)　　پەرھاد ئىبراھىم سىزغان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»　　新疆文化(维吾尔文)
(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)　　1989 - يىل 4 - سان. 38 - يىل نەشرى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشىر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۇرۇمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1073/1 ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58
باھاسى 50 پۇڭ.